# جوڭگو-ھندستان چېگرا مەسىلىسى

مىللەتلەر نەشرىياتى

# جۇڭگو-ھندستان چېگرا مەسلسى

مللەتلەر نەشرياتى

بېيجڭ — 1963

www.uyghurkitap.com

1 - خەرىتە

# جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىنى كۆرسىتىش خەرىتىسى



## ھىندىستان جۇڭگودىن تەلەپ قىلىۋاتقان كەڭ كۆلەملىك يەرلەرنى كۆرسىتىش خەرىتىسى



# 1959 - ژىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو - ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلغان سىزىقنى كۆرسىتىش خەرىتىسى



## 1959 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن كېيىن 1962 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگىچە ھىندىستان كەڭ كولەملىك ھۇجۇم باشلاشتىن ئىلگىرى جۇڭگو تەۋەسىگە كەڭ كولەمدە بېسىپ كىرىپ ھەربىي پونكىتلارنى قۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان خەرىتىسى

4 ـ خەرىتە




www.uyghurkitap.com

## پايدىلىنىش خەرىتىسى IV

1951 ـ يىلى ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان«ھىندىستاننىڭ سىياسىي خەرىتىسى». خەرىتىدە جۇڭگو ـ ھىندىستان پۈتۈن چېگرىسىنى ھىندىستان ئۆزىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك خاھىشى بويىچە، بەلگىلىگەن چېگرا (↓) قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئالدى، بۇ، ھىندىستان تەرەپنىڭ جۇڭگو زېمىنىغا بولغان تەلۋىنى بىرىنچى قېتىم ھۆكۈمەت تەرەپ خەرىتىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈشى.







## پايدىلىنىش خەرىتىسى V

بۇ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىنىڭ ئەسلى خەرىتىسىدىكى غەرپ قىسمىنىڭ چوڭايتىلغان خەرىتىسى. بۇ خەرىتىدىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىنىڭ غەرپ بېشىنىڭ باشلىنىشى شەرقىي مېردىئان '91°39.7، شىمالىي پاراللېل '27°44.6، ۋە مۇشۇ ئورۇندىن شەرققە سوزۇلىدۇ؛ كېجېيلاڭ دەرياسى بىلەن چېدۇڭ رايونى مۇشۇ سىزىقنىڭ شىمالىدا. ئەمما ھىندىستان تەرەپ بۇ سىزىقنىڭ غەرپ بېشى شەرقىي مېردىئان '91°40، شىمالىي پاراللېل '27°48 دىن باشلىنىدۇ دەپ جاھىللىق قىلىپ، بۇ سىزىقنى كېجېيلاڭ دەرياسىنىڭ شىمالىغا سۈرمەكچى بولىدۇ. بۇ، ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىنى ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتكەنلىكتۇر. ھىندىستان قوشۇنلىرى مۇشۇنىڭغا ئاساسەن كېجېيلاڭ دەرياسى بىلەن چېدۇڭ رايونىغا بېسىپ كىرىپ، ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ تۇرغان سىزىقتىكى تېخىمۇ غەرەزلىك بۇزۇپ قوراللىق توقۇنۇشلارنى تۇغدۇردى.

www.uyghurkitap.com




پايدىلىنىش خەرىتىسى III

1950 ـ يىلى ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ھىندىستان خەرىتىسى. خەرىتىدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ شەرق قىسىم چېگرىسى ئۇمۇمەن قانۇنسىز مېكماھون سىزىقى بويىچە سىزىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەلگىلەنمىگەن چېگرا (⬇) دەپ كۆرسىتىلگەن؛ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا پەقەت چېگرا سىزىقى سىزىلمىغان، شۇنىڭدەك «چېگرا بەلگىلەنمىدى»(⬇) دەپ ئەسكەرتىلگەن. 1954 ـ يىلىدىن ئاۋۋال نەشر قىلىنغان ھىندىستان ھۆكۈمەت تەرەپ خەرىتىسىدە مۇشۇنداق سىزىش ئۇسۇلى ئىزچىل قوللىنىلىپ كەلگەن.








1862 - ژىلى ھىندىستاننىڭ كالكۇتتادىكى ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ جۇيجالغ ئىشخانىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەنگلىيە ۋاسلىغىدىكى ھىندىستاننىڭ شىمالىي قىسىم چېگرىسى» خەرىتىسى. خەرىتىدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ غەرب قىسىم چېگرىسى قارا قۇرۇم تاغ تىزمىسىدا (↓) ئىكەنلىكى كورسىتىلگەن بولۇپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىغا ئۇمۇمەن ئوخشايدۇ.

1917 - ژىلى ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «شىمالى ۋە خوشنا دولەتلەر» خەرىتىسى. خەرىتىدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ شەرق قىسىم چېگرا سىزىقى (↓) «مېكماخۇن سىزىقى» ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىغا ئۇمۇمەن ئوخشايدۇ. 1936 - ژىلغا قەدەر ھىندىستان ھوكۇمەت تەرەپ خەرىتىلىرىدە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسى قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقى بويىچە سىزىلغان ئەمەس.

1929 - ژىلى ئۆلۈق برىتانىيە قامۇسى 14 - نەشرى 24 - تومىنىڭ 68 — 69 - بەتلىرىدىكى پۈتۈن «جۇڭگو» خەرىتىسىنىڭ بىر قىسمى. خەرىتىدە ھىندىستاننىڭ شەرقىي شىمال قىسمى بىلەن جۇڭگونىڭ شىزاڭ چېگرىسىنىڭ سىزىلىشى ئاۋالقىدەكلا جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىغا ئۇمۇمەن ئوخشايدۇ (↓)، ئۇنىڭدا قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقى ئوتتۇرىغا چىققان ئەمەس. بۇنىڭدىن كورۇۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەنگلىيە ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئارىدىن 15 ژىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ شەرق قىسىم چېگرىسىنىڭ ئەنئەنىۋى سىزىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە پېتىنالمىغان.

پايدىلىنىش خەرىتىسى I (سولدا، ژۇقۇرقى)

پايدىلىنىش خەرىتىسى A II (ژۇقۇرىدا)

پايدىلىنىش خەرىتىسى B II (سولدا)

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى بويىچە ئىككى تەرەپ قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ 1959-يىلى
ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىنى بويلاپ 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىنىشنى كۆرسىتىش خەرىتىسى






پايدىلىنىش خەرىتىسى VI (ئىككى پارچە)

1914 - ژىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئەنگلىيە ۋەكىلى بىلەن شىزاڭ رايونىنىڭ ۋەكىلى جۇڭگو مەركىزىي ھوكۇمىتىنىڭ ۋەكىلىدىن يوشۇرۇپ قانۇنسىزلارچە سىزىۋالغان «مېكماخۇن سىزىقى» ئەسلى خەرىتىسىنىڭ قايتىدىن ئىشلەنگەن نۇسخىسى.




www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاپ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1962 ـ ژىل
11 ـ ئايدا تولۇقلاپ نەشر قىلىنغان ئىككىنچى نەشرى
ئۈچىنچى باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本书根据人民出版社1962年11月增訂的第二版第三次印刷的版本譯出

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىبىسى

# مۇندەرىجە

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىنىڭ باياناتى......( 1 )
(1962 ـ ژىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۇنى)
جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاسىيا ـ ئافرىكا دولەتلىرى رەھبەرلىرىگە يوللىغان خېتى..............................( 8 )
(1962 ـ ژىل 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۇنى)
قوشۇمچە: 1ـخەرىتە، 2ـخەرىتە، 3ـخەرىتە، 4ـخەرىتە، 5ـخەرىتە
پايدىلىنىش خەرىتىسى I، پايدىلىنىش خەرىتىسى II، A،
پايدىلىنىش خەرىتىسى II، B، پايدىلىنىش خەرىتىسى III،
پايدىلىنىش خەرىتىسى IV، پايدىلىنىش خەرىتىسى V،
پايدىلىنىش خەرىتىسى VI (ئىككى پارچە)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىنىڭ باياناتى......( 49 )
(1962 ـ ژىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۇنى، سائەت نول، بېيجىڭ)
جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ نېھرۇ زۇڭلىغا ئېۋەتكەن خېتى......( 59 )
(1959 ـ ژىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۇنى)
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار بۇسىنىڭ ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرغان جاۋخۇيى..............................( 64 )
(1959 ـ ژىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى)
جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە نېھرۇ پەلسەپىسى توغرىسىدا...«رېنمىن رىباۋ» تەھرىر بولۇمى(115)
(1962 ـ ژىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۇنى)
نېھرۇ ھوكۇمىتى نىمە ئۇچۇن تا ھازىرغىچە تېچ سوھبەتنى رەت قىلىدۇ؟..................«قىزىل بايراق» باش ماقالىسى(170)
(1962 ـ ژىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنىدىكى 22 ـ سان)

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتى

(1962 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)

يېقىندا جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا جىددىي قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بەردى. بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشى ناھايىتى بەختسىزلىكتۇر. جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقلىرى ئەزەلدىنلا دوستانە ئۆتكەن، مۇندىن كېيىنمۇ ئەۋلات ـ ئەۋلاتلىرىغىچە دوستانە ئۆتۈشى لازىم. چېگرا مەسىلىسى سەۋەبىدىن جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دۆلەت قۇراللىق توقۇنۇشۇپ قالدى، بۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى خالىمايدىغان، شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر ئەللەر ۋە خەلقلەرمۇ خالىمايدىغان ۋەقە ئىدى.

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى تارىختىن قېپقالغان مەسىلە، ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەنئەنىۋىي ئادەت چېگرا سىزىقى مەۋجۇت، لېكىن ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسى ئەزەلدىن رەسمىي بەلگىلەنگەن ئەمەس. شەرق قىسمىدىكى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ئۆتمۈشتە جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ ھوقۇقسىز ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگوغا مەجبۇرى تاڭماقچى بولغان قانۇنسىز سىزىق بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۇنى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلغان ئەمەس. ھىندىستان تەرەپ ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن

كېيىن، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونى تىنچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، ئۆزىنىڭ شەرق قىسمىدىكى ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ كەلگەن دائىرىسىنى ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىدىن پەيدىن-پەي شىمالغا سۈرۈپ ئاتالمىش مېكماخون سىزىقى ئەتراپىغا ئېلىپ كەلدى. ئوتتۇرا ۋە غەرب قىسمىدا تاكى 1959-يىلغىچە، قىسمەن جايلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ كەلگەن دائىرىسى، ئاساسەن، ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىغا ئۇيغۇن بولۇپ كەلدى. ھىندىستان تەرەپ شەرق قىسمىدا 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئۇشۇق جۇڭگو زېمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغان، 1959-يىلى يەنە ئىككى قېتىم چېگرا توقۇنۇشى قوزغىغان ھەم جۇڭگودىن بىر مۇنچە زېمىن تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى، تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغىچە ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ كەلگەن دائىرىگە ھۆرمەت قىلىشنى، ھېچقايسى تەرەپنىڭ بىر تەرەپلىمىلىك ھەرىكەت ئارقىلىق چېگرىنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتمەسلىكى كېرەكلىكىنى باشتىن-ئاياق تەشەببۇس قىلىپ كەلدى.

جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش مەقسىتىدە، جۇ ئېنلەي زۇڭلى 1960-يىلى 4-ئايدا يېڭى دېھلىغا بېرىپ، نېھرۇ زۇڭلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەم چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان دەسلەپكى كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشتى. ئەپسۇسكى، جۇڭگو تەرەپنىڭ سەمىمىي تىرىشچانلىقى ھىندىستان تەرەپنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېگە بولالمىدى، شۇندىن كېيىن جۇڭگو-ھىندىستان ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇچرىشىشىمۇ تېگىشلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىزچىل تۈردە شۇنداق ھېساپلاپ كەلدىكى، جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى تەرەپ چېگرا مەسىلىسىدە ھازىرچە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، چېگرا توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك. ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن خالى بولۇش بىلەن توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ، 1959-يىلىلا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ پۈتۈن چېگرا سىزىقى بويىچە 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىنىشىنى ھەم چېگرىدا چارلاشنى توختۇتۇشنى نۇرغۇن قېتىم تەكلىپ قىلدى. ھىندىستان تەرەپ بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلغاندىن كېيىن، چېگرا ۋەزئىيىتىنىڭ پەسىيىشىگە ياردىمى بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، جۇڭگو يەنە ئۆز ئالدىغا چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدە چارلاشنى توختاتتى. ئويلىمىغان يەردىكى، ھىندىستان تەرەپ بۇنداق ئەھۋالدىن پايدىلىنىپ، ئاۋال جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەرپ قىسمىدا، كېيىن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدا قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كېلىپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىلەن بىر قانچە 10 ھەربىي پۇنكت قۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز قوراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلدى، نەتىجىدە، چېگرا ۋەزئىيىتىنى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

بىر يىلدىن ئوشۇق ۋاقىتتىن بۇيان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستاننىڭ قوراللىق كۈچ بىلەن چېگرا ھالىتىنى ئۆزگەرتىشنى توختۇتۇپ، سۆھبەت جوزىسىغا يېڭىۋاشتىن قايتىپ كېلىشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلدى. يېقىنقى ئۈچ ئاي ئىچىدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى ۋە بۇنىڭغا ئالدىنقى شەرت قويماسلىقنى ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلدى، لېكىن بۇ ئۈچ قېتىملىق تەكلىپ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ رەت

قىلىشىغا ئۇچرىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەملىك زېمىنىدىن چېكىنىپ كەتكەندىلا، ئاندىن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى.

بولۇپمۇ جۇڭگونى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ تىنچلىق تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ھىندىستان قوشۇنلىرىغا جۇڭگو چېگرىسىدىكى جۇڭگو قوشۇنلىرىنى «تازىلىۋېتىش» ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇنىڭ ئارقىدىنلا، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، ھىندىستان قوشۇنلىرى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق ۋە غەرپ قىسىملىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. مۇنداق جىددىي ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئۆزىنى قوغداپ قايتارما زەربە بېرىشتىن باشقا يول قالمىدى.

ھازىر شىددەتلىك جەڭ داۋام قىلماقتا. مۇنداق جىددىي ۋەزىيەتنىڭ يۈز بېرىشى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىنى ئېچىندۇردى، ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى ۋە خەلقلىرىنىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈردى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان زادى قانداق مەسىلە بار؟ جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا نېمە سەۋەبتىن قانلىق توقۇنۇش پەيدا بولىدۇ؟ جۇڭگوغا ھىندىستاننىڭ بىر سۈك يېرىمۇ كېرەك ئەمەس. جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئاسىيادىكى ئىككى چوڭ مەملىكەت بولۇپ، ئۇلاردا ئاسىيا ۋە دۇنيا تىنچلىقىغا نىسبەتەن زور مەسئۇلىيەت بار. بۇ ئىككى دۆلەت تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى ۋە باندۇڭ كېڭەشمىسىنىڭ قاتناشچىلىرىدۇر. جۇڭگو -

ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى ھازىر ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تېچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى ۋە باندۇڭ كېڭەشمىسىنىڭ روھىدىن ۋاز كېچىشكە ئاساس يوق. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇنداق دەپ ھېساپلايدىكى، جۇڭگو ـ ھىندىستان ھۆكۈمەتلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستاندىكى بىر مىللىيارد 100 مىللىيون خەلقنىڭ تۈپ مەنپەتىنى، ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئورتاق مەنپەتىنى، ئاسىيا تېچلىقى ۋە ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىتتىپاقلىقىنىڭ مەنپەتىنى مۇھىم بىلىپ، ئىمكانىيەتىنىڭ بېرىچە چېگرا توقۇنۇشىنى توختىتىپ، قايتىدىن تېچ سۆھبەت باشلاش بىلەن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش يولىنى ئىزدەشلىرى لازىم.

ھازىر جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشتىن ئىبارەت ئىزچىل مەيدانىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى ئۈچ تەكلىپنى تەنتەنىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

**1. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى سۆھبەت ئارقىلىق تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېساپلىشى لازىم. تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنغىچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىغا ھەر ئىككى تەرەپ ھۆرمەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنى بۇ سىزىقتىن 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىندۈرۈش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالىي بولۇشنى ماقۇل**

www.uyghurkitap.com

كورۇشنى ئۈمىت قىلىدۇ.

2. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىرىنچى تەكلىپنى ماقۇل كورگەن ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ كېڭەشىشى ئارقىلىق چېگرىنىڭ شەرق قىسمىدىكى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ كېتىشىنى خالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەرب قىسىملىرىدا جۇڭگو - ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن، يەنى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىدىن ئوتمەسلىككە كاپالەت بېرىشى لازىم.

ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن خالىي بولۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇشنى توختۇتۇشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە جۇڭگو - ھىندىستان ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلدارلار تەيىنلەپ، سوھبەت ئېلىپ بېرىشى لازىم.

3. جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى دوستانە ھەل قىلىش مەخسىتىدە، جۇڭگو- ھىندىستان ئىككى دولەت زۇڭلىلىرى يەنە بىر قېتىم سوھبەت ئوتكۈزۈشى لازىم، دەپ ھېساپلايدۇ. ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان زۇڭلىسىنىڭ بېيجىڭگە كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ؛ ئەگەر ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئوڭايسىز بولسا، جۇڭگو زۇڭلىسى دېھلىگە بېرىپ، سوھبەت ئوتكۈزۈشنى خالايدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ژۇقۇرىدىكى ئۈچ

تەكلىپكە ئاكتىۋ قوشۇلۇشىنى مۇراجىەت قىلىدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئاسىيا - ئافرىكا ئەللىرى ھوكۇمەتلىرىنىڭ تىرىشچانلىق كورسۇتۇپ، ژۇقۇرىدىكى ئۇچ تەكلىپنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئالغا سۇرۇشىنى مۇراجىەت قىلىدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر ئەللەر ۋە خەلقلەرنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان دوستلىقىنى، ئاسىيا - ئافرىكا ئىتتىپاقلىقىنى ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ئالغا سۇرۇش ئۇچۇن كۇچ قوشۇشىنى مۇراجىەت قىلىدۇ.

# جوئېنلەي زوڭلىنىڭ جوڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاسىيا ـ ئافرىقا دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىگە يوللىغان خېتى

(1962 ـ ژىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى)

جانابى ئالىيلىرىغا:

بەختكە قارشى جوڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى داۋام قىلى-
ۋاتقىنىغا بىر قانچە ھەپتە بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ توقۇنۇش توخ-
تىمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە داۋاملىق كېڭىيىش ئەلپازى بار.
جوڭگو ھوكۇمىتى بۇنىڭدىن قاتتىق خاتىرجەمسىزلەنمەكتە. نۇرغۇن
ئاسىيا ـ ئافرىقا دۆلەتلىرىمۇ بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلمەكتە.
جانابى ئالىيلىرىنىڭ جوڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تىنچ
يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى تىرىشچانى-
لىقلىرىغا ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىت بىلەن بۇ خەتنى دادىللىق
بىلەن يازدىم.

**1. جوڭگو چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىش يو-
لىدا ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى.** جوڭگونىڭ ھىندىستان بىلەنلا
چېگرا مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، غەربىي جەنۇپتىكى نۇرغۇن
خوشنىلىرى بىلەنمۇ چېگرا مەسىلىلىرى بار. بۇ چېگرا مەسىلىلىرىنىڭ

مەنبىنى سۇرۇشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تولىسىنى بىز ۋە بۇ خوشنا دۆلەتلەر مۇستەقىللىقنى ئېرىششتىن بۇرۇن جاھانگىرلار ۋە مۇستەملىكىچىلەر پەيدا قىلغان. بىز ۋە مۇشۇ دۆلەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مۇستەقىللىقنى ئېرىشكىنىمىزدىن كېيىن، جاھانگىرلار ۋە مۇستەملىكىچىلەر يەنە بۇ چېگرا مەسىلىلىرىنى سۇيىـ ئىستىمال قىلىپ، بىز يېڭى مۇستەقىل بولغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ماجرا پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى. شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇنداق ھېساپلايدىكى، بۇ چېگرا مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا، بۇنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىكا دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاسىيا ـ ئافرىكا دۆلەتلىرى بىلەن جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇش لازىم؛ ھوشيارلىقنى ئۇستۇرۇپ، جاھانگىرلارنىڭ بولگۇنچىلىك سېلىپ ئارىنى بۇزۇش قاپقىنىغا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك.

بۇ چېگرا مەسىلىلىرى تارىختىن قېپقالغان مەسىلە بولغاشقا، ئۇنىڭغا يېڭى جۇڭگونىڭ جاۋاپكار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، يېڭى مۇستەقىل بولغان ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭمۇ جاۋاپكار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇنى تەشەببۇس قىلىدىكى: بۇ چېگرا مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ۋاقتىدا ئوتمۇشتىكى تارىخىي ئارقا كورۇنۇشىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش، شەكىللەنگەن ئەمەلىي ئەھۋالنىمۇ نەزەرگە ئېلىش؛ ئالاقىدار ئىككى تەرەپنىڭ ھېچقايسىسى ئوزىنىڭ تەلىۋىنى ئىككىنچى تەرەپكە زورلاپ تاڭماستىن، تېچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى ۋە باندۇڭ كېڭەشمىسىنىڭ 10 پرىنسىپى ئاساسىدا دوستانە كېڭىشىش، ئوز ئارا كېچىرىش، ئوز ئارا يول قويۇش ئارقىلىق ئىككىلا تەرەپ ئۇچۇن ئادىل ـ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم.

جۇڭگو ـ بىرما چېگرا مەسىلىسى، ئەمەلىيەتتە، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىدىنمۇ كوپ مۇرەككەپ ئىدى. لېكىن جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دولەت بۇ مەسىلىنى ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان روھ بويىچە دوستانە ھەل قىلدى. خۇددى شۇنىڭدەك، جۇڭگو ـ نېپال چېگرا مەسىلىسىمۇ يېقىندا دوستانە ھەل قىلىندى. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدىمۇ، جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ مەسىلىنى خۇددى ئەشۇنداق روھ بويىچە، ھىندىستان بىلەن تىنچ ـ دوستانە ئاساستا ھەل قىلىشقا تىرىشتى. لېكىن جۇڭگونىڭ ئوتكەن ئۈچ ژىلدىن كوپرەك ۋاخت ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولۇدىغان ھەممە تىرىشچانلىقلارنى كورسەتكەنلىكىگە قارىماي، نىمە ئۈچۈن بۇ مەسىلە ھەل قىلىنىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، بۇگۇنكىدەك مۇنداق قان توكۇلۇدىغان چېگرا توقۇنۇشىغا ئۈزگۈرۈپ كەتتى؟ بۇ، ئەستايىدىل ئويلۇنۇپ كورۇشكە ئەرزىيدۇ. شۇ سەۋەپتىن مەن بۇ يەردە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ ئارقا كورۇنۇشىنى بىرقۇر تونۇشتۇرۇپ ئوتۇشنى زورۇر دەپ ھېساپلايمەن.

**2. تارىختا جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت خەلقلىرى تىنچ ـ دوستانە ئوتۇپ كەلگەن.** جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا ھېچقاچان رەسمىي بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى شەرققە كېلىشتىن بۇرۇن جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ھېچقاچان چېگرا تالاش ـ تارتىشى بولغان ئەمەس. بۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنكى، **ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇنغىچە تىنچ بىللە ئوتۇش جەريانىدا ئىككى تەرەپنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسى بويىچە ئاللىقاچان ئەنئەنىۋىي ئادەت چېگرىسى شەكىللەنگەن ئىدى.** جۇڭگو خەلقى ئۇنىڭغا ھورمەت قىلىدۇ،

ھىندىستان خەلقىمۇ ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ. جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئەنئەنىۋى ئادەت چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمى ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ كېتىدۇ، ئوتتۇرا قىسمى ھىمالايا تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ كېتىدۇ، غەرپ قىسمى قارا قۇرۇم تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ كېتىدۇ (قوشۇمچە 1 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

شەرق قىسمىدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى تالاش ـ تارتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنىڭ شىمالىدىكى جايلار ئەزەلدىنلا جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ كەلگەن. بۇ جاي شىزاڭ رايونىغا قاراشلىق مېنيۈي، لويۈي، ئاستىن چايۈيدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ كۆلىمى جەمئىي 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئۈچ بېلگىيىگە ياكى توققۇز لىۋانغا توغرى كېلىدۇ. بۇ جايدا ئۇزۇن زامان تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن ئاھالىلار زاڭزۇ ياكى زاڭزۇ مىللىتى بىلەن يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان مىللەتلەردۇر. مەسىلەن، مومبا مىللىتى زاڭزۇ يېزىقىنى قوللىنىدۇ ۋە لاما دىنىغا ئېتىقات قىلىدۇ. بۇ جايدىكى يەرلەرنىڭ ناملىرىنىڭ كۆپ قىسمى زاڭزۇ تىلى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر بۇ يەردە دەريانى «چۈي» دەپ ئاتايدۇ، نياڭجياڭ دەرياسىنى نياڭجياڭچۈي دەپ ئاتايدۇ؛ تاغ ئېغىزىنى «لا» دەپ ئاتايدۇ، سېشەن تاغ ئېغىزىنى «سېلا» دەپ ئاتايدۇ؛ جاي دېگەن سوزنى «يۈي» دەپ ئاتايدۇ، مېن دېگەن جاينى «مېنيۈي» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەرنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى شىزاڭنىڭ باشقا قىسىملىرىغا ئوخشاش بولۇپ، ئاساسىي مەمۇرىي بىرلىك «زۇڭ» دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، شېنگېزۇڭ، دېرازۇڭلار. تا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ۋە ھىندىستانلىقلار بۇ يەرگە كەلگىچە جۇڭگونىڭ شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى بۇ يەردە مەمۇرىي ئورگانلار

قورۇپ، ئەمەلدارلار تەيىنلەپ، باج ـ سېلىق ئېلىپ، ئەدلىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن، مۇنداق مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەزەلدىن شۈبھىسىز بولۇپ كەلگەن.

ئوتتۇرا قىسىمدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى تالاش ـ تارتىشلىق ئوتتۇرىغا قويغان ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىنىڭ شەرقىدىكى جايلار ئەزەلدىنلا جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ كەلگەن، كۆلىمى جەمئىي 2000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ جايلاردىكى ئاھالىلار پۈتۈنلەي دېگۈدەك زاڭزۇلاردۇر. بۇ جايلار ئەزەلدىنلا شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن. شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى بۇ جايلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇلۇشىغا دائىر ھۆججەتلەرنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ كەلمەكتە.

غەرب قىسىمدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى تالاش ـ تارتىشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىنىڭ شەرقى ۋە شىمالىدىكى جايلار ئەزەلدىنلا جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ كەلگەن. بۇ جايلار، ئاساسەن، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا قاراشلىق ئاقسايچىن رايونى ۋە شىزاڭ ئالى رايونىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ كۆلىمى جەمئىي 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بىر بېلگىيىگە ياكى ئۈچ لىۋانغا توغرى كېلىدۇ. بۇ جايدا ئاھالە شالاڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنىڭ ئالى رايونىنى تۇتاشتۇرىدىغان قاتناش تومۇرىدۇر. شىنجاڭنىڭ قىرغىز ۋە ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى دائىم شۇ يەرلەردە مال بېقىپ كەلگەن. ئاقسايچىن دېگەن بۇ نام ئۇيغۇر تىلىدا «جۇڭگونىڭ ئاقسېيى»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جاي تا ھازىرغىچە جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلمەكتە.

جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋىي ئادەت چېگرىسى ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەر ئىچىدە جۇڭگو ـ ھىن-

دىستان ئىككى تەرەپنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنلا ئەمەس، بەلكى ئەنگلىيىنىڭ دەسلەپكى ھۆكۈمەت خەرىتىلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەن. تا 1865 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە ھۆكۈمەت خەرىتىلىرىدە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگراسى غەرب قىسمىنىڭ سىزىلىشى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقى بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەن (پايدىلىنىلىدىغان خەرىتە I گە قاراڭ)؛ تا 1936 ـ يىلىغىچە ئەنگلىيە ھۆكۈمەت خەرىتىلىرىدە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگراسى شەرق قىسمىنىڭ سىزىلىشى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقى بىلەن ئومۇمەن ئوخشاش بولۇپ كەلگەن (پايدىلىنىدىغان خەرىتە II A ۋە B گە قاراڭ).

**3. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ماجىراسى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدىن قېپقالغان مىراس.** ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى ھىندىستاننى پۈتۈنلەي ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغاندىن كېيىن ھىندىستان خەلقىنىڭ ھوقۇقسىزلىق ھالىتىدىن پايدىلىنىپ، ھىندىستاننى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش تىغىنى جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال چېگرا رايونلىرىغا قاراتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى جۇڭگونىڭ شىزاڭ ۋە شىنجاڭ رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش يولىدىكى سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى ئىزچىل تۈردە پائال يۈرگۈزۈپ كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى ۋە جۇڭگونىڭ يۈرىكىدىكى جايلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ھەرىكەتلىرىگە يىراقتىن ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودىن ئارقا ئىشىك ئېچىشقا ئۇرۇندى. 1911 ـ يىلى جۇڭگودا مۇستەبىت خاندانلىقنى ئاغدۇرۇش ئىنقىلابى بولدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىزاڭنى جۇڭگودىن بۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇپ،

جۇڭگونىڭ شىزاڭغا نىسبەتەن ئاتالمىش زۇڭجۇلۇق (مېتروپولىيە-
لىك) ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىش چارىسى بىلەن جۇڭگونىڭ
شىزاڭغا بولغان ئىگىلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلدى، 1914-يىلىدىكى
سىملا يىغىنى ئەنە شۇنداق تارىخىي ئارقا كورۇنۇش ئاستىدا چاقى-
رىلغان ئىدى. لېكىن بۇ يىغىندىمۇ ئەنگلىيە ۋەكىلى جۇڭگونىڭ
كەڭ زېمىنىنى بولۇۋېلىش تەلىۋىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇشقا
جۈرئەت قىلالمىدى. ئەنگلىيە ۋەكىلى بۇ يىغىننىڭ سىرتىدا،
جۇڭگو مەركىزىي ھوكۇمىتىنىڭ ۋەكىلىدىن خۇپىيانە ھالدا، شىزاڭ
رايونىنىڭ ۋەكىلى بىلەن مەخپىي ھوججەت ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى
ئارقىلىق، سېسىق نامى پۇركەتكەن ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىنى
سىزىپ چىقىپ، 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان جۇڭگو زېمى-
نىنى ئەنگلىيە ۋاسىلىقىدىكى ھىندىستانغا تەۋە قىلىپ بېرىشكە
ئۇرۇندى. شۇ چاغدىكى جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ قانۇنسىز مېكماخۇن
سىزىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگو ھوكۇمەت-
لىرىمۇ بۇ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى. شۇڭا
تا 1936-يىلىغىچە ئەنگلىيە ھوكۇمىتىنىڭ ئۆزىمۇ بۇ سىزىقنى خەرى-
تىگە ئاشكارا سىزىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقى پۈتۈنلەي ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى
جۇڭگو خەلقىغە زورلاپ تاڭغان سىزىقتۇر. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى
بۇ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىنى پەيدا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ،
ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىللەرگىچە جۇڭگو-ھىندىستان ئەنئەنىۋىي ئادەت
سىزىقىنىڭ شىمالى ۋە قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىنىڭ جەنۇبىدىكى
رايونلارغا بېسىپ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. پەقەت ئىككىنچى
دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگە كەلگەندىلا، ئەنگلىيە جاھان-
گىرلىكى شۇ چاغدىكى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ غەربىي جەنۇپتىكى

www.uyghurkitap.com

چېگرا رايونلارنى سۈرۈشتە قىلىشقا قادىر بولالمىغان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ رايوننىڭ كىچىك بىر قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالدى.

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدا، 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى شىنجاڭنىڭ ئىچكى جايلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشنىڭ ئەپلىك يولىنى تېپىش ئۈچۈن، يەر تۈزۈلۈشى خېلى تۈزرەك بولغان ئاقسايچىنغا كوز سېلىپ، بۇ ئەتراپتىكى جايلارغا يوشۇرۇنۇپ كىرىپ، قانۇنسىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھەربىي ئاخباراتچى خادىملارنى ئېۋەتتى. بۇ خادىملار ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ مەخسىدىگە ئاساسەن، شىنجاڭنى بولۇۋالىدىغان تۈرلۈك چېگرا سىزىقلىرىنى لايىھىلەپ چىقتى. ئەنگلىيە ھوكۇمىتى ئۆز ئىرادىسى بويىچە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇپ كورگەن بولسىمۇ، لېكىن دەرھاللا جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان ئىدى.

ئەنگلىيە جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن مۇددەت داۋامىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى يوققا چىقىرىپ، جۇڭگو زېمىنىنى بولۇۋېلىش ۋە ئەنگلىيە ۋاسىلىقىدىكى ھىندىستان زېمىنىنى كېڭەيتىش چارىسى بىلەن ئۆزىنىڭ جاھانگىرلىك تاجاۋۇزچىلىق مەخسىدىگە يېتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. لېكىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشقا، ئۆزى سۈيىقەست بىلەن پەيدا قىلغان قانۇنسىز چېگرا سىزىقىنى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. 1865 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاننىڭ خەرىتىلىرىدە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى چېگرا سىزىقى كورسۈتۈلمىگەن ياكى مۇجمەل كورسۈ-

تۇلگەن بولسىمۇ، بەلگىلەنمىگەن چېگرا دەپ ئەسكەرتىش بېرىلگەن. 1936 - يىلىدىن ئېتىۋارەن، شەرق قىسمىدىكى قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقى ئەنگلىيە ۋە ھىندىستاننىڭ خەرىتىلىرىدە پەيدا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن 1954 - يىلىغىچە بەلگىلەنمىگەن چېگرا دەپ ئەسكەرتىش بېرىلىپ كەلگەن (پايدىلىنىدىغان خەرىتە III كە قاراڭ).

**4. ھىندىستان ۋە جۇڭگو 1947 - ۋە 1949 - يىللىرى كەينى - كەينىدىن مۇستەقىللىققا ئىگە بولدى. ئىككى دۆلەت يېڭى ئاساستا دوستانە مۇناسىۋەتنى رىۋاجلاندۇردى. لېكىن ئەينى زاماندا ھىندىستان تەرەپتىن پەيدا قىلىنغان سەۋەبلەر ئارقىسىدا جۇڭگو - ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە دەسلەپتىن تارتىپلا قاراڭغۇ بىر تەرەپمۇ مەۋجۇت بولۇپ كەلدى.**

ئىككى دۆلەتنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، جۇڭگو - ھىندىستان خېلى بۇرۇنلا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتتى، تېچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ مەشھۇر بەش پرىنسىپىنى بىرلىكتە تەشەببۇس قىلدى، جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونى بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا سودا ۋە قاتناش كېلىشىمى ئىمزالىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى مەلۇم رىۋاجلىنىشقا ئىگە بولغان ئىدى. بىز ئىككى دۆلەت جاھانگىرلىكنىڭ بارلىق مىراسلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، پۈتۈنلەي يېڭى ئاساستا، ئۆز ئارىمىزدا دوستانە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىمىز ۋە ئۇنى رىۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم ئىدى. لېكىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونىغا قاراتقان قارا نىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شىزاڭنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ھېساپلاپ كەلدى، ھېچ بولمىغاندا، شىزاڭنى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن

خالى جايغا ئايلاندۇرماقچى بولدى. شۇڭا، 1950 ـ ژىلى، ھىندىستان ھوكۇمىتى شىزاڭنىڭ تىچلىق بىلەن ئازات قىلىنىشىغا كۈچىنىڭ بىر ىچە توسقۇنلۇق قىلدى. بۇنداق ئۇرۇنۇش ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، ھىندىستان جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدا قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىغا قاراپ كەڭ كولەمدە ئىلگىرلەپ، ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىغىنىڭ شىمالى ۋە قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭگو زىمىنىنى پۈتۈنلەي بىسىۋالدى. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، ھىندىستان ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ساڭ، سۇڭشاغا بولغان ئىشغالىيىتىگە بۇرۇنلا ۋارىسلىق قىلغاندىن تاشقىرى، 1954 ـ ژىلدىن كېيىن يەنە جۇيىۋا، چۈيىرى، شىبۇچى تاغ ئېغىزى، بولىنسەندو، شىياڭجا، لابۇدىلارنىمۇ بىسىۋالدى. 1954 ـ ژىلدىن كېيىن ھىندىستان يەنە، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى بالجاسنى بىسىۋالدى.

ھىندىستان، بىر تەرەپتىن، جۇڭگونىڭ كەڭ كولەملىك زىمىنىنى بىسىۋالدى، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇشتۇمتۇتلا، 1954 ـ ژىلى نەشىر قىلىنغان ھوكۇمەت خەرىتىسىدە جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىغىنى بىر تەرەپلىمە ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى سۇيىقەست بىلەن پەيدا قىلغان جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا سىزىغىنى پۈتۈنلەي ئوتتۇرىغا چىقاردى ۋە ئۇنى جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى بەلگىلەنگەن چېگرا سۈپىتىدە جۇڭگوغا زورلاپ قوبۇل قىلدۇرماقچى بولدى (پايدىلىنىدىغان خەرىتە IV كە قاراڭ).

جۇڭگو ھوكۇمىتى ھىندىستانىنىڭ جۇڭگونىڭ كەڭ كولەملىك زىمىنىنى ئىشغال قىلىۋالغانلىغىدىن ئىبارەت فاكتنى ئېتىراپ قىلمىدى، لېكىن جۇڭگو ھوكۇمىتى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسە-

لىسىنى تىنچ سوھبەت ئارقىلىق دوستانە ھەل قىلىش لازىملىقىنى؛ ھەل قىلىنغىچە چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. جۇڭگو ئاتالمىش مېكماخون سىزىقىنى ئېتىراپ قىلمىدى، لېكىن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو يەنە بۇ سىزىقتىن ئۆتمىدى. ئىككى دۆلەت چېگرىسىنىڭ خەرىتىسىگە چېتىلىدىغان مەسىلىگە كەلسەك، چېگرا مەسىلىسىنى ئىككى تەرەپ سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىككى تەرەپنىڭ خەرىتىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مۇمكىن. جۇڭگو ـ بىرما ۋە جۇڭگو ـ نېپال دۆلەتلىرىنىڭ ئىككى تەرەپ چېگرىسى ھەققىدىكى خەرىتىلىرى ئەشۇنداق جەريان ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. جۇڭگودا نەشر قىلىنغان خەرىتىلەردە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ سىزىلىشى تارىخىي ئاساسقا ۋە فاكتلار ئاساسىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى رەسمىي بەلگىلەنمىگەنلىكتىن، جۇڭگو ھېچقاچان ئۆزىنىڭ خەرىتىسىنى ھىندىستانغا تاڭمايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ھىندىستاننىڭ بىر تەرەپلىمە ئۆزگەرتكەن خەرىتىسىنىمۇ ئەسلا قوبۇل قىلمايدۇ.

1950 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ھىندىستان كېيىنكى كۆنلەردىكى چېگرا ماجىراسى ۋە چېگرا توقۇنۇشىنى قوزغاش ئۈچۈن ئورۇق چاچقان بولسىمۇ، جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ سوھبەت ئارقىلىق دوستانە ئاساستا ھەل قىلىش فاكتىدا چىڭ تۇرغانلىقتىن، شۇ مەزگىلدە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى ئومۇمەن تىنچ ھالەتتە تۇردى.

**5. شىزاڭ ئىسيانىدىن كېيىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى رەسمىي ھالدا جۇڭگودىن كەڭ كۆلەملىك زېمىن تەلەپ**

قىلدى. 1959 ـ ژىلى 3 ـ ئايدا جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونىدا نۇئۇنۇ ئىگىلىرىنىڭ ئىسيانى يۈز بەردى. ھىندىستان ھوكۇمىتى بۇ ئىسياننى قوللاش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى بۇ ئىسيان تىنجىتىلغاندىن كېيىن، قالدۇق باندىتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھىندىستاندا جۇڭگوغا قارشى سىياسىي ھەركەتلەر ئېلىپ بېرىشىغا يول قويدى. شىزاڭ ئىسيانى پارتلاپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا، نېھرۇ زۇڭلى رەسمىي ھالدا جۇڭگو ھوكۇمىتىدىن كەڭ كولەملىك زېمىن تەلەپ قىلدى. ئۇ، جۇڭگو ھوكۇمىتىدىن ھىندىستاننىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالغانلىقىنى قانۇنى دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى ئەزەلدىن ھىندىستان ئىشغال قىلىپ باقمىغان ئاقسايچىن رايونىنى ھىندىستانغا تەۋە دەپ ئېتىراپ قىلىشىنىمۇ تەلەپ قىلدى (قوشۇمچە 2 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

ھىندىستاننىڭ ئاقسايچىن توغرىسىدىكى زېمىن تەلىۋى قۇرۇق ـ تىن ـ قۇرۇق ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئاساسسىزدۇر. بۇ جاي تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن. 1950 ـ ژىلى جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى مۇشۇ جاي ئارقىلىق شىنجاڭدىن شىزاڭنىڭ ئالى رايونىغا كىرگەن. 1956 ـ ژىلىدىن 1957 ـ ژىلغىچە، جۇڭگو تەرەپ بۇ جايدا يەنە قۇرۇلۇش كولىمى ناھايىتى زور بولغان شىنجاڭ ـ شىزاڭ تاش يولىنى ياسىدى. ئەمەلىيەتتە، ھىندىستان تا 1958 ـ ژىلغىچە جۇڭگونىڭ بۇ جايىنى باشقۇرۇۋاتقانلىقىغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ئىدى. لېكىن ھىندىستان ھوكۇمىتى، ئەمدىلىكتە، بۇ جاي ھىندىستانغا تەۋە بولۇپ كەلگەن، پەقەت 1957 ـ ژىلى جۇڭگولۇقلار بۇ جايغا ئوغۇر ـ

لۇقچە كىرىۋالدى، دېگەن سوزلەرنى قىلماقتا. كىشلەرنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىكى، بۇ جاي ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن بولسا، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇ جاي ئارقىلىق شىنجاڭغا كىرگەنلىكىنى ۋە قۇرۇلۇش كولىمى ناھايىتى زور بولغان تاش يول ياسىغانلىقىنى ھىندىستان نىمە ئۈچۈن بىلمەپتۇ؟ ھىندىستان ھوكۇمىتى پەقەت جۇڭگودا نەشر قىلىنغان بىر رەسىملىك ژۇرنالدىنلا جۇڭگونىڭ بۇ تاش يولنى ياسىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ. 1958 ـ ژىلى 9 ـ ئايدا ھىندىستان تەرەپ بۇ جايغا چارلىغۇچىلىرىنى ئېۋەتىپ، بېسىپ كىردى، لېكىن ئۇلار دەرھال جۇڭگو چېگرا مۇداپىە خادىملىرى تەرىپىدىن تۇتۇۋېلىندى. ئەگەر بۇ رايون ھەقىقەتەن ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولغان بولسا، مۇنداق ئەھۋال قانداقمۇ يۈز بېرەلەيتتى؟ ئەمەلىيەتتە، نېھرۇ زۇڭلى 1959 ـ ژىلى 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ھىندىستان ئىتتىپاق پالاتاسىدا بۇ جاي «باشتىن ـ ئاياق ھېچقانداق باشقۇرۇشتا بولمىدى»، دېدى. ئۇ يەنە شۇ ژىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ھىندىستان ئىتتىپاق پالاتاسىدا «مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەنگلىيە ھوكۇمرانلىق قىلغان دەۋردە، بۇ جايدا بىرەر كىشىمۇ ئولتۇراقلاشمىغان، شۇنىڭدەك ھەر قانداق ئالدىنقى قاراۋۇللارمۇ بولغان ئەمەس» دېدى. نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق توغرى ھوكۇم چىقىرىشقا چارىسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سوزى ھىندىستاننىڭ بۇ جاينى ھېچقاچان باشقۇرۇپ باقمىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئىناۋەتلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى.

ھىندىستان جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدا جۇڭگونىڭ 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتر زېمىنىنى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا 2000 كۋادرات كىلومېتر زېمىنىنى بېسىۋالدى، ھازىر يەنە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدا جۇڭگونىڭ 33 مىڭ

كۋادرات كىلومېتر زېمىنىنى بېسىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. دېمەك، ھىندىستاننىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ ئۆزى بېسىۋالغان جۇڭگو زېمىنىمۇ ئۇنىڭ، ئۇ تېخى بېسىۋالمىغان جۇڭگو زېمىنىمۇ ئۇنىڭ بولۇدۇ، دېگەن سۆز. بۇ، قورال بىلەن ھەيۋە قىلىپ كەلگەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىمۇ يېرىم مۇستەملىكە كونا جۇڭگوغا قويۇشقا پېتىنالمىغان تەلەپ ئىدى. يېڭى مۇستەقىل بولغان ھىندىستاننىڭ ئۇشتۇمتۇتلا بۇنداق تەلەپنى قويۇشى جۇڭگونىڭ پۈتۈنلەي كۈتمىگەن يېرىدىن چىقتى.

مەسىلىنىڭ جىددىيلىگى ھىندىستاننىڭ جۇڭگوغا ئومۇميۈزلۈك زېمىن تەلىۋىنى قويغانلىغىدىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستاننىڭ شۇنىڭ ئارقىسىدىنلا قورال كۈچى ئىشلىتىپ، شەكىللىنىپ بولغان چېگرا ھالىتىنى بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زېمىن تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغانلىغىدا. ھىندىستان قوراللىق قىسىملىرى شەرق قىسمىدا قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىدىن ئۆتۈپ، بۇ سىزىقنىڭ شىمالىدىكى تامادۇن، لاگجيۇ ۋە جيەنزېمانىنى بېسىۋالدى ھەم 1959 - ژىلى 8 - ئايدا لاگجيۇنى بېسىۋېلىش جەريانىدا چېگرىدا بىرىنچى قېتىم قانلىق توقۇنۇش قوزغىدى. 1959 - ژىلى 10 - ئايدا، ھىندىستان قوراللىق قىسىملىرى يەنە غەرپ قىسمىدا ئەنئەنىۋى ئادەت چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، كۆڭكا تاغ ئېغىزىدا تېخىمۇ جىددىي قانلىق چېگرا توقۇنۇشى قوزغىدى. بۇ ئىككى قېتىملىق چېگرا توقۇنۇشى ھىندىستاننىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرماقچى بولغانلىغىنىڭ ئالدىنقى ئالامىتى بولدى.

**6. جۇڭگو ھوكۇمىتى چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن بىر ئامال قىلىپ خالى قىلىش،**

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېزدىن سوھبەت باشلاپ، چېگرا مەسىلىسىنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ ھېساپلايدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئۇزىنىڭ قولىدىن كەلگەن بارلىق ئىمكانىيەتلىك تەدبىرلەرنى قوللىنۇپ، ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇشقا بەل باغلىدى.

1959 – ژىلى 11 – ئاينىڭ 7 – كۇنى جۇڭگو ھوكۇمىتى ھىندىستان ھوكۇمىتىگە ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ پۇتۇن جۇڭگو – ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغى بويىچە 20 كىلومېتردىن ئارقىغا چېكىنىشىنى ۋە چارلاشنى توختۇتۇشنى تەكلىپ قىلدى. بۇ يەردە ئېيتىلغان ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغى، غەرپ ۋە ئوتتۇرا قىسىملاردا مەزكۇر خەتنىڭ 4 – بولۇمدە بايان قىلىنغان ھىندىستان بېسىۋالغان جۇڭگو زېمىنىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ئەنئەنىۋي ئادەت سىزىغى بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ؛ شەرق قىسىمدا، ئەينى زاماندا ھىندىستان ئىشغال قىلىپ تۇرغان جىيەنزېمانىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قانۇنسىز مېكماخون سىزىغى بىلەن ئوخشاش كېلىدۇ (قوشۇمچە 3 – خەرىتىگە قاراڭ). جۇڭگو ھوكۇمىتى يەنە، ئىككى دولەت زۇڭلىلىرى سوھبەت ئوتكۇزۇپ، جۇڭگو – ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەكلىپ قىلدى. لېكىن ھىندىستان ھوكۇمىتى بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلدى. ھىندىستان ھوكۇمىتى 1959 – ژىلى 11 – ئاينىڭ 16 – كۇنى بىر قارشى تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئاقسايچىن رايونىدىكى بارلىق جۇڭگو خادىملىرىنى ھىندىستان تەشەببۇس قىلىغان خەلقارا چېگرا سىزىغىنىڭ شەرقىغە چېكىندۇرۇش، بارلىق ھىندىستان خادىملىرىنى جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان خەلقارا چېگرا سىزىغىنىڭ غەربىگە چېكىندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ھىندىستان، ئەمەلىيەتتە، بۇ رايونغا كىرمىگەن-

لىكتىن ھىندىستاننىڭ بۇ تەكلىۋىنىڭ مەنىسى پەقەت جۇڭگو خادىملىرىنى كەڭ كۆلەملىك ئۆز زېمىنىدىن بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا چېكىندۈرۈشتىنلا ئىبارەت، خالاس. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇ ھامان ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو - ھىندىستان ئىككى تەرەپنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدا ئىككىنچى تەرەپ تەشەببۇس قىلغان چېگرا سىزىقىنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىشىنى تەشەببۇس قىلغان ئىكەن، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو - ھىندىستان ئىككى تەرەپنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدىمۇ ئىككىنچى تەرەپ تەشەببۇس قىلغان چېگرا سىزىقىنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىشىگە، يەنى ھىندىستاننىڭ جۇڭگو كۆرسەتكەن ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنىڭ جەنۇبىغا، جۇڭگونىڭ ھىندىستان تەشەببۇس قىلغان ئاتالمىش مېكماخون سىزىقىنىڭ شىمالىغا چېكىنىشىگە قوشۇلامدۇ، دەپ سوئال قويدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ھېچنەرسە دېيەلمەي، ئۆز تەكلىۋىنى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىغىلا لايىق كېلىدۇ، دەپلا تۇرىۋالدى. ئەھۋال ئايدىڭلاشتىكى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ ئادىل - مۇۋاپىق ئاساستا تېچ سۆھبەت ئارقىلىق دوستانە ھەل قىلىنىشىغا قىزىقمايدۇ؛ ئەمىلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى ئاساسىدا ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق قىسىملىرىنى چەتلەشتۈرۈپ توقۇنۇشتىن ساقلىنىشقىمۇ قىزىقمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىگىنى قانداق قىلىپ قوراللىق قىسىملىرى ئارقىلىق جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدا جۇڭگو خادىملىرىنى جۇڭگو زېمىنىدىن سىقىپ چىقىرىۋېتىشتىنلا ئىبارەت، خالاس.

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنىلا، چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ناھايىتى جىددىي ئىش، دەپ ھېساپلىد-

دى، شۇڭا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىندۈرۈش ھەم چارلاشنى توختۇتۇش ھەققىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلغانىدىن كېيىن، جۇڭگو چېگرىسىنىڭ بۇ تەرىپىدە چارلاشنى ئۆز ئالدىغا توختاتتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى، مۇنداق قىلىش، ھېچبولمىغاندا ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالىي قىلىش بىلەن چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىپ، چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىنى ساقلاپ قېلىشقا ياردىمى بولار دەپ ئۈمىت قىلدى.

**7. جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەخسىدىدە، جۇڭگو زۇڭلىسى 1960-ژىلى 4-ئايدا يېڭى دېھلىنى زىيارەت قىلدى ۋە نېھرۇ زۇڭلى بىلەن سۆھبەت ئۆتكەزدى.** سۆھبەت داۋامىدا مەن مۇنۇلارنى قايتا-قايتا ئېيتىپ ئۆتتۇم: چېگرا مەسىلىسىنى ئادىل-مۇۋاپىق ئاساستا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش كېرەك؛ ھازىرچە ھەل بولمىسا، شەكىللەنگەن چېگرا ھالىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك؛ توقۇنۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ قۇراللىق قىسىملىرىنى چەتلەشتۈرۈش لازىم. سۆھبەت ئاياغلاشقاندا، مەن سۆھبەت داۋامىدا ھاسىل قىلىنغان ئورتاق نۇقتە ياكى يېقىنلاشقان نۇقتىلارنى ئالتە نۇقتىگە يىغىنچاقلىدىم، بۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) ئىككى تەرەپ چېگرىسىدا تالاش-تارتىش مەۋجۇت.

2) ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ھەر قايسىسىنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇشى يېتىپ بارغان ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى مەۋجۇت.

3) ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەشتە بەزى جۇغراپىي

پرىنسىپلار، مەسلەن، سۇ بولگۇچ، جىلغا، تاغ ئېغىزى قاتارلىقلار چېگرىنىڭ ھەممە قىسىملىرىغا ئوخشاش لايىق كېلىشى كېرەك.

4) ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ھىمالايا تېغى بىلەن قاراقۇرۇم تېغىغا بولغان مىللىي ھېسسىياتىغا ئېتىۋار بېرىلىشى لازىم.

5) ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مەسىلىسى سوھبەتلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىنغىچە ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ كەلگەن سىزىقنى ساقلىشى، ئالدىنقى شەرت سۈپىتىدە زېمىن تەلىۋى قويماسلىقى لازىم، لېكىن ئايرىم تەرتىپكە سېلىشلارنى ئېلىپ بېرىش مۇمكىن.

6) چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەت بېرىش، سوھبەتلىشىشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، ئىككى تەرەپ چېگرىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدا چارلاشنى داۋاملىق توختىتىشى لازىم.

ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنىڭ داۋاملىق سوھبەتلىشىشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، بۇ ئورتاق نۇقتىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى تەكلىپ قىلدىم. بۇ ئالتە نۇقتىدە ھەر ئىككى تەرەپكە تامامەن تەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر تەرەپ ئىككىنچى تەرەپكە زورمۇ - زور تاڭىدىغان ھېچ قانداق تەلەپ يوق، بۇ، نېھرۇ زۇڭلىنىڭ سوھبەت داۋامىدا ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن بىلدۈرۈپ ئۆتكەن كۆز قاراشلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن نېھرۇ زۇڭلى قانداقتۇر بۇ ئالتە نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى رەت قىلدى. بۇ رەت قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىدىن؛ ئىككى مەملىكەت چېگرا مەسىلىسى سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىنغىچە ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىغا ئەمەل قىلىپ، سوھبەتنىڭ ئالدىنقى

شەرقى سۇپىتىدە زېمىن تەلىۋى قويماسلىقتا ماقۇل بولۇشنى خالى-
مايدىغانلىقىدىن؛ چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىككى
تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالىي قىلىشنى
خالىمايدىغانلىقىدىن؛ ھەتتا ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسىدا تالاش-
تارتىشنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئېتى-
راپ قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ قېتىمقى سوھ-
بەت داۋامىدا نېھرۇ زۇڭلىنىڭ پوزىتسىيىسى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە
ھىندىستاننىڭ زېمىن تەلىۋىنى شەرتسىز قوبۇل قىلدۇرۇشتىن، سوھ-
بەت ئۈچۈن ھېچقانداق ئىمكانىيەت قالدۇرۇشقا يول قويماسلىقتىن
ئىبارەت بولدى. بۇ تەلەپلەرنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكمۇ جۇڭگو
ھۆكۈمىتىگە قويۇشقا پېتىنالمىغان ئىدى. نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو ھۆكۈ-
مىتىنىڭ بۇ تەلەپلەرنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق
بىلىدۇ، ئۇنىڭ بۇ تەلەپلەردە چىڭ تۇرۇۋېلىشى جۇڭگو-ھىندىستان
چېگرا مەسىلىسىنى غەرەزلىك ھالدا ئۇزۇنغىچە ھەل قىلماي ئېسىل-
دۇرۇپ قويۇپ، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا ۋەزىيىتىنى ئۇزۇن مۇد-
دەتكىچە كەسكىنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى روشەن.

شۇنىڭدىن كېيىن 1960-يىلى 6-ئايدىن 12-ئايغىچە ئېلىپ
بېرىلغان ئىككى دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى داۋامىدا،
جۇڭگو تەرەپ نۇرغۇنلىغان ھەقىقىي ئاساسلىق ماتېرىياللار ئارقىلىق،
جۇڭگو كۆرسەتكەن ئەنئەنىۋى ئادەت بولۇپ كەتكەن جۇڭگو-ھىن-
دىستان چېگرا سىزىقى تارىخىي ئاساسقا ۋە فاكت ئاساسىغا ئىگە
ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. لېكىن ھىندىستان تەرەپ، ئاساسەن،
ئەنگلىيە ساياھەتچىلىرى ۋە تەۋەككۈلچىلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەن-
لىكى كۆرۈنۈپ تۇرغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ، قانۇنسىز مېك-
ماخون سىزىقىنى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدىكى

ئەنئەنىۋي ئادەت سىزىغى دەپ، تارىختىن بۇيان جۇڭگونىڭ باش-قۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن ئاقسايچىننى ھىندىستانغا تەۋە، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى مەملىكەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇچرۇشۇشمۇ نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

**8. ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرى سۆھبىتىدە كۆرسەتكەن كېلىشىپ قېلىش سەمىمىيىتىنى ئاجىزلىق-بوزەكلىك دەپ، جۇڭگونىڭ چېگرىدىكى چارلاشنى ئۆز ئالدىغا توختاتقانلىقىنى پايدىلىنىش پۇرسىتى، دەپ بىلدى. شۇڭلاشقا ئىككى دۆلەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇچرۇشۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھىندىستان قوشۇنلىرى ئاۋال جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب قىسمىدا، كېيىن شەرق قىسمىدا ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىدىن ئۆتۈپ، بارغانچە كوپ جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالدى، بارغانچە جىددىي قوراللىق ئىغۋاگەرچىلىك ژۇرگۈزدى.**

جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب قىسمىدا، 1961-ژىلدىن، بولۇپمۇ بۇ ژىل 4-ئايدىن ئېتىۋارەن، ھىندىستان قوشۇنلىرى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئۈزلۈكسىز بېسىپ كىرىپ، يېڭى ھەربىي پۇنكىتلار قۇردى. بۇ قېتىم جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىغانغا قەدەر، ھىندىستان جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب قىسمىدىكى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە جەمئىي 43 ئىشغالىيەت پۇنكىتى قۇردى (قوشۇمچە 4-خەرىتىگە قاراڭ). بۇ پۇنكىتلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو قاراۋۇللىرىغا ئاران بىر نەچچە مېترلا كېلىدىغان يەرگىچە يېقىنلاپ كەلگەن، بەزىلىرى ھەتتا جۇڭگو

قاراۋۇللىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قورۇلۇپ، جۇڭگو قاراۋۇللىرىنىڭ ئارقا يوللىرىنى كېسىپ تاشلىغان. نېھرۇ زۇڭلىنىڭ 1962 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھىندىستان خەلق پالاتاسىدا سۆزلىگەن سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «ھىندىستان جۇڭگولۇقلارنىڭ قاراۋۇللىرىغا خەۋپ يەتكۈزۈدىغان بىر مۇنچە يېڭى چارلاش قاراۋۇللىرىنى قۇرۇپ، كۆپۈنچە بىز تەرەپنىڭ ھەركەتلىنىشى سەۋەبىدىن جۇڭگولۇقلارمۇ ھەركەتلىنىشكە مەجبۇر بولدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشى-لەر شۇنى چوڭقۇر بىلىدىكى، بۇ جايلارنىڭ ئەھۋالى بىزگە پايدى-لىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگەرمەكتە، جۇڭگولۇقلار بۇنىڭدىن تەشۋىش-لەنمەكتە». ھىندىستان «بلىتس» گېزىتى شۇ ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ بۇ يەردە 2500 كۋادرات ئىنگلىز ملى كېلىدىغان بىر پارچە يەرنى بېسىۋالغانلىقىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق تەرغىب قىلدى ھەمدە بۇ، دۆلەت مۇداپىئە بۇجاتىنى مېنون تۈزگەن «ناپالىيونچە دادىل پىلاندىن قولغا كەلتۈرۈلگەن بىردىن ـ بىر غەلىبىدۇر» دەپ ھېساپلىدى. بېسىپ كىرگەن ھىندىستان قوشۇنلىرى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئۆزلۈكسىز قورااللىق ئىغۋاگەرچىلىك ژۈرگۈزدى. ھىندىستان ئائىرو-پىلانلىرى جۇڭگونىڭ ھاۋا تەۋەلىكىگە ئۆزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ، خالىغانچە پاراكەندە قىلدى. ھىندىستان تەرەپنىڭ ئۈستى ـ ئۈستىگە قىلىۋاتقان بۇ ئىغۋاگەرچىلىك ھەركەتلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى ۋەزىيەتنى جىددى ھالدا كەسكىن-لەشتۈرۈۋەتتى ۋە ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.

جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى ۋە سەۋر ـ تاقەت قىلىپ يول قويۇشى ئارقىسىدا ھىندىستاننىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى بېسىپ كىرىشى قاتتىق قارشىلىققا ئۇچرىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، بېسىپ كىرىش

www.uyghurkitap.com

ھەركىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىـ سىنىڭ شەرق قىسمىغىچە كېڭەيتتى. بۇ ژىل 6 ـ ئايدىن ئېتىۋارەن ھىندىستان قوشۇنلىرى قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىدىن ئۆتۈپ، شۇ سىزىقنىڭ شىمالىدىكى چېدۇڭ رايونىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئىشغالىيەت دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى (قوشۇمچە 4 ـ خەرىتىگە قاراڭ) ھەمدە جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا كەينى ـ كەيـ نىدىن قوراللىق ھۇجۇم قوزغاپ، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىـ دىن 47 كىشىنى ئۆلتۈردى ۋە يارىدار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ قېتىمقى ئۈمۈميۈزلۈك جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى پارتلاشتىن ئىلگىرى، ھىندىستان تەرەپ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىـ سىنىڭ شەرق ۋە غەرپ قىسىملىرىدا تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ئېغىر ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى.

**9. ھىندىستاننىڭ بېسىپ كىرىشى ۋە ئىغۋاگەرچىـ لىكلىرى كۈنساناپ جىددىيلەشكەن ۋە جۇڭگو ـ ھىنـ دىستان چېگرا ۋەزىيىتى كۈنساناپ ئېغىرلاشقان جەرـ ياندا، جۇڭگو تەرەپ باشتىن ـ ئاياق ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە سەۋر ـ تاقەت بىلەن يول قويدى.** جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقارماسلىق؛ ھېچ ئامال بولمىغان ۋاختىلارنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قايتارما زەربە بەرمەسلىك توغرۇلۇق بۇيرۇق ئالغان. **جۇڭگو ھوكۇمىتى، بىر تەرەپتىن، ھىندىستان ھوكۇمىتىگە قارشىلىق بىلدۈردى ۋە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى، ھىندىستاننىڭ جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالغانلىق فاكتىنى ماقۇل كورمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ھىندىسـ تاننىڭ جۇڭگو زېمىنىدىن چېقىپ كېتىشىنى قەتئىي تەلەپ**

قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سوھبەت ئارقىلىق، جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقىنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرمىدى.

جۇڭگو تەرەپ شۇنداق ھېساپلايدىكى، جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم بولىدىغان ھەر قانداق تەدبىرنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكىمۇ ياردىمى بولىدىغانلىقى چوقۇم. 1954 ـ ژىلى جۇڭگو بىلەن ھىندىستانىنىڭ جۇڭگو شىزاڭ رايونى بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە قاتناش كېلىشىمىنىڭ مۇددىتى 1962 ـ ژىلى 6 ـ ئايدا توشىدىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، 1961 ـ ژىلى 12 ـ ئايدىن 1962 ـ ژىلى 5 ـ ئايغىچە جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇرۇنقى كېلىشىمنىڭ ئورنىغا يېڭى كېلىشىم تۈزۈشنى ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلدى. بۇ يېڭى كېلىشىمنى تۈزۈش گەرچە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولۇشىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى. جۇڭگو بۇ تەكلىپنى پۈتۈنلەي ياخشى نىيەت بىلەن قويغان ئىدى. لېكىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى بولسا، مۇشۇ يېڭى كېلىشىمنى تۈزۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى سۈپىتىدە، ھىندىستانىنىڭ زېمىن تەلىپىنى جۇڭگوغا قوبۇل قىلدۇرماقچى بولۇپ، جۇڭگونىڭ تەكلىپىنى پۈتۈنلەي يولسىز رەت قىلدى.

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەزىيىتى كۈنساناپ كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرا مەسىلىسىنى سوھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈرلىكىنى تېخىمۇ تەكىتلىدى، لېكىن

www.uyghurkitap.com

ھىندىستان ھۆكۈمىتى پاسسىپ پوزىتسىيە قوللىنىپ كەلدى. تا بۇ ژىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنىگە كەلگەندىلا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئاندىن ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرىنىڭ دوكلادى ئاساسىدا چېگرا مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىش توغرىسىدىكى ئارزۇسىنى مۇجمەل ھالدا بىلدۈردى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇ ھامان 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى جاۋخۇيىدا بۇنىڭغا ئاكتىپ قوشۇلدى ھەمدە بۇ مۇزاكىرىنى مۇمكىن قەدەر تېز ئۆتكۈزۈشنى تەكلىپ قىلدى.

لېكىن، ھىندىستان ھۆكۈمىتى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى جاۋخۇيىدا ئۇشتۇمتۇتلا مۇقامىنى ئۆزگەرتىپ، جۇڭگو ئاۋال جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى ئۆزىنىڭ كەڭ كۆلەملىك زىمىنىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرىنىڭ دوكلادى ئاساسىدا چېگرا مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىشقا بولۇدىغانلىقىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى. بۇ، ھىندىستاننىڭ ئۆزىنىڭ زىمىن تەلىۋىنى جۇڭگوغا زورلاپ تېڭىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت بىر تەرەپلىمە ئالدىنقى شەرتتۇر. جۇڭگو ھۆكۈمىتى 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى جاۋخۇيىدا ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرىنىڭ دوكلادى ئاساسىدا چېگرا مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇزاكىرە قىلىشتا ھېچقانداق ئالدىنقى شەرت قويۇلماسلىقى كېرەكلىكىنى كۆرسەتتى ھەمدە ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن نۆۋەت بىلەن ئاۋال بېيجىڭدە، كېيىن دېھلىدە چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىنى باشلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېگرىدىكى كەسكىن ۋەزىيەتنى پەسەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ پۈتۈن چېگرا سىزىقى

بويىچە 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىنىشىنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى.

لېكىن، ھىندىستان ھوكۇمىتى 9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىكى جاۋابىدا، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنى چەتلەشتۈرۈش ۋە چېگرا مەسىلىسىنى ئالدىنقى شەرت قويمىغان ھالدا مۇزاكىرە قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى رەت قىلدى، پەقەت جۇڭگو ئوتتۇرىغا قويغان مۇزاكىرە ئوتكۈزۈش كۈنى ۋە ئورنىغىلا قوشۇلغان بولسىمۇ، مۇزاكىرىنىڭ مەزمۇنى جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىدىكى ئوزىنىڭ كەڭ كولەملىك زېمىنىدىن چېكىنىپ كېتىش مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت بولۇشى كېرەككىلىكىنى تەكىتلەپ تۇرۇۋالدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى جاۋابىدا ئىككى تەرەپنىڭ ئەمەلدارلار دوكلادى ئاساسىدا چېگرا مەسىلىسىنى تېزدىن مۇزاكىرە قىلىشنى، مۇزاكىرە جەريانىدا ھېچقايسى تەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويۇشى ئېھتىمال بولغان چېگرىغا ئالاقىدار ھەر قانداق مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلماسلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپ ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسىغىلا بولسۇن ئادىل ئىدى.

لېكىن ھىندىستان ھوكۇمىتى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى جاۋاپ جاۋابىدا جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ژۇقۇرىدىكى ئادىل تەكلىۋىنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەسلىدىكى ئالدىنقى شەرتىنىڭ سىرتىدا يېڭى ئالدىنقى شەرتلەرنى قويۇپ، جۇڭگو قىسىملىرىنىڭ قانۇنسىز مېكماخون سىزىغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو زېمىنى چېدۇڭ رايونىدىن چېكىنىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى. دېمەك، ھىندىستان ھوكۇمىتى توختوۇسىزلىق قىلىپ، بارغانسىرى كوپ ئالدىنقى شەرتلەرنى قويۇپ، ئاخىر، چېگرا مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان

سوھبەتنىڭ دەرۋازىسىنى ئېتىپ قويدى.

**10. ھىندىستان جۇڭگوغا بىر قاتار خاتا باھالارنى بەرگەنلىكى ئۈچۈن جۇڭگونىڭ تىنچلىق تەكلىۋىنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاخىرى، ھەربىي تەۋەككۇلچىلىك يولىغا ماڭدى.** ھىندىستان جۇڭگونىڭ ئىختىسادىي قىيىنچىلىقى ئېغىرلىشىپ يەڭگىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، ئاق ش نىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان جياڭ جيېشى گورۇھىنىڭ جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇپ دېڭىز قىرغىقىدىكى رايونلىرىغا ئۇسۇپ كىرىش قەستى جۇڭگونىڭ دولەت مۇداپىيە كۈچىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقى ئارقىسىدا، جۇڭگونىڭ غەربىي جەنۇپ رايونىدىكى مۇداپىيەسى كاۋاك بولۇپ قالدى، دەپ بىلىپ، بۇنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا سىزىقى بويىچە كەڭ كولەملىك قۇراللىق ھۇجۇم قوزغىشى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پۇرسەت، دەپ ھېساپلىدى. 10-ئاينىڭ 5-كۈنى، ھىندىستان دولەت مۇداپىيە بۇسى «شەرق ھەربىي رايونى» نىڭ قارىمىقىدا مەخسۇس جۇڭگوغا تاقابىل تۇرۇدىغان يېڭى بىر جۇنتۇەن قۇرۇلغانلىقىنى جاكالىدى ۋە كائۇل جوڭجياڭنى بۇ جۇنتۇەنىنىڭ سىلىڭلىقىغا تەيىنلىدى. 10-ئاينىڭ 12-كۈنى، نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو قىسىملىرىنى، ئۇنىڭ سوزى بويىچە ئېيتقاندا، بېسىپ كىرگەن رايوندىن-ئەمىلىيەتتە جۇڭگو زىمىنىدىن «تازىلىۋېتىش» توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكىنى جاكالىدى. 10-ئاينىڭ 14-كۈنى، سابىق ھىندىستان دولەت مۇداپىيە بۇجاڭى مېنون جۇڭگو بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادەم ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىرتال ملتىق قالغىچە ئۇرۇشۇدىغانلىقىنى ئۇختۇردى. 10-ئاينىڭ 16-كۈنى نېھرۇ زۇڭلى چەتئەلدىن يېڭى دېھلىغا قايتىپ كەلگەن ھامانلا، ژۇقۇرى دەرىجىلىك جۇنگۇەنلەر يىغىنىنى چاقىرىپ، ئۇرۇش

www.uyghurkitap.com

قىلىش ھازىرلىقلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ھىندىستان قوشۇنلىرى چېگرىنىڭ شەرق ۋە غەرب قىسىملىرىدا بىرلا ۋاقىتتا جۇڭگو تەرەپكە توپ ـ زەمبىرەك بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. 10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، ھىندىستان دۆلەت مۇداپىيە بۇسىنىڭ ئەمەلدارلىرى جۇڭگولۇقلارنى «2 ئىنگلىز مىلى ئارقىغا قوغلىۋەتتۇق» دەپ جاكالىدى. 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى سەھەردە، ھىندىستان قوشۇنلىرى نېھرۇ زۇڭلىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئاخىر كەڭ كولەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىدى. جۇڭگو چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق غالجىرانە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان، ئېغىر دەرىجىدە يارىدار ـ چىقىمدار بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا، سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا ۋە چېكىنىشكە ھېچقانداق ئورۇن قالماي، ئاندىن قەتئىي ئۆزىنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

**11. بارلىق ئالاقىدار فاكتلار ئېنىق كۆرسەتتىكى، بۇ قېتىمقى جىددىي جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىنى پۈتۈنلەي ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇزۇندىن بۇيان كۆزلەپ كەلگەن غەرىزى بويىچە كەلتۈرۈپ** چىقاردى. نېھرۇ زۇڭلى بۇ يىل 11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېڭى دېھلىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر ئاممىۋى يىغىندا، ھىندىستاننىڭ جۇڭگوغا قارىتا «ئۇرۇش پىلانى»نى بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇنلا تۈزۈپ چىققانلىقىنى، بۇ پىلاندا جەڭنىڭ كۆلىمى ۋە جەڭ باشلانغاندىن كېيىنكى ئىلگىرىلەش ۋە ئارقىغا چېكىنىش قاتارلىق كونكرېت تەپسىلاتلارنىڭ ئېنىق بەلگىلەنگەنلىكىنى ئوچۇق ـ ئوچۇق جاكالىدى. لېكىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئاقنى قارا قىلىپ، جۇڭگو چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى قانۇنسىز مېكماخون سىزىقىنىڭ غەربىي

بېشى قىسمىدىن ئۆتۈپ، بۇ قېتىمقى ئۇمۇمىيۈزلۈك چېگرا توقۇ-
نۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، دەپ تۆھمەت قىلدى. بۇ، ئۇچىغا
چىققان يالغانچىلىقتۇر. ئەمەلىيەتتە، 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن ئىلگە-
رىلا دەل ھىندىستان قوشۇنلىرى قانۇنسىز مېكماخون سىزىغىنىڭ
غەربىي بېشى قىسمىدىن ئۆتكەن ئىدى، بۇنىڭدىن تېنىۋېلىش
مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدا ئاتالمىش مېكماخون
سىزىغى توغرىسىدىكى خەرىتىنىڭ 1914-يىلدىكى ئەسلى نۇسخىسى
بار. مۇشۇ خەرىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇ سىزىقنىڭ غەربىي بېشىدىكى
باشلانغان نۇقتىسىنىڭ پاراللېلى روشەن ھالدا شىمالىي پاراللېل
27 گرادۇس 44.6 مىنۇت بولغان (پايدىلىنىدىغان خەرىتە V، VI گە
قاراڭ). ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ سىزىقنىڭ شىمالىدىكى چېدۇڭ
رايونىنى ئۆزىنىڭ ئىشغال قىلىۋالغانلىغىنى ئاقلاش ئۈچۈن، بۇ سى-
زىقنىڭ غەربىي بېشىدىكى باشلانغان نۇقتىسى شىمالىي پاراللېل 27
گرادۇس 48 مىنۇت، بۇ ئەتراپتىكى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ
سۇ بۆلگۈچىسى تاگلا تېغى تىزمىسىدۇر، دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن،
ئاتالمىش مېكماخون سىزىغى توغرىسىدىكى خەرىتىنىڭ ئەسلى نۇس-
خىسىدا مېرىدىيان، پاراللېل گرادۇسلىرىنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ،
بۇ خەرىتىدە تاگلا تېغى تىزمىسى دېگەن نام زادىلا يوق، ئۇنىڭ
ئۈستىگە جۇڭگونىڭ بۇ قېتىمقى چېگرا توقۇنۇشىدا قولغا چۈشۈرگەن
ھىندىستان ھەربىي خەرىتىسىدىمۇ چېدۇڭ رايونىنىڭ قانۇنسىز مېك-
ماخون سىزىغىنىڭ شىمالىدا ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسۈتۈلگەن. ھىن-
دىستان قانۇنسىز مېكماخون سىزىغىدىن قەستەن ئۆتۈپ، شۇ سىزىق-
نىڭ شىمالىدىكى چېدۇڭ رايونىنى بېسىۋالدى ۋە جۇڭگو چېگرا
مۇداپىئە قىسىملىرىنى مۇشۇ رايوندىن «تازىلىۋېتىش» نى ئوچۇقتىن-
ئوچۇق جاكالىدى. مانا بۇ، بۇ قېتىمقى چېگرا توقۇنۇشىنى دەل

ھىندىستاننىڭ ئۆزى غەرەزلىك پەيدا قىلغانلىقىنى توپ ـ توغرى ئىسپاتلايدۇ.

جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغى توغرىسىدىكى مەيدانى ئىزچىل بولۇپ كەلدى. جۇڭگو قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، لېكىن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، جۇڭگو بۇ سىزىقتىنمۇ ئۆتمەيدۇ. ئەمەلىيەت شۇنداق بولدىكى، ھىندىستان شىمالغا قاراپ بۇ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىدىن ئەڭ ئاۋال ئۆتتى. ھەمدە سىزىقنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا كەڭ كۆلەمدە قۇراللىق ھۇجۇم قوزغىدى. شۇنداق قىلىپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەڭ ئاخىرىدا بۇ سىزىقنىڭ چەكلىمىسىنى دەل ئۆزى بۇزۇپ تاشلىدى. ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ يەنە قايتىدىن بېسىپ كېلىپ ھۇجۇم قوزغىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئۆزىنى قوغداش جېڭىدە بۇ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراۋېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئەلۋەتتە. جۇڭگو جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىزچىل تىرىشىپ كەلدى. جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىغىدىن ئۆتۈشى ئىلاجسىزلىقتىن بولدى. لېكىن خۇددى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئۆتكەن ئۈچ يىلدا سەۋر ـ تاقەت بىلەن يول قويۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كېلىشتە كۆزلىگەن مەخسىدىگە ئوخشاشلا، ھازىر جۇڭگونىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىدا ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولۇشىمۇ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تېنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈندۇر. جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى

قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىدىن ئۆتۈپ، بەزى جايلارغا كىرىپ ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمى مەسىلىسىنى شۇنداق ھەركەتلەرگە تايىنىپ ھەل قىلىش نىيىتىدە ئەمەس. ئۆتمۈشتىكىگە ئوخشاشلا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھېلىمۇ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمى مەسىلىسىنى ۋە پۈتۈن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى پەقەت تىنچ سۆھبەت ئارقىلىقلا ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ئادىل، مۇۋاپىق ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ.

**12. 10-ئاينىڭ 24-كۈنى، يەنى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى يۈز بېرىپ 4-كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرا توقۇنۇشىنى توختىتىش، يېڭىۋاشتىن تىنچ سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بايانات ئېلان قىلىپ، ئۈچ ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى:**

1) ئىككى تەرەپ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېساپلىشى لازىم. تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغىچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىغا ھەر ئىككى تەرەپ ھۆرمەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنى بۇ سىزىقتىن 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىندۈرۈش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالىي بولۇشنى ماقۇل كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

2) ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىرىنچى تەكلىپنى ماقۇل كۆرگەن ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىشى ئارقىلىق چېگرىنىڭ شەرق قىسمىدىكى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنى

ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ كېتىشىنى خالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەرب قىسىملىرىدا جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن، يەنى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىدىن ئۆتمەسلىككە كاپالەت بېرىشى لازىم.

ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن خالىي بولۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇشنى توختۇتۇشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە جۇڭگو، ھىندىستان ھۆكۈمەتلىرى ئەمەلدارلار تەيىنلەپ، سۆھبەت ئېلىپ بېرىشى لازىم.

3) جۇڭگو ھۆكۈمىتى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى دوستانە ھەل قىلىش مەقسىتىدە جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرى يەنە بىر قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈشى لازىم، دەپ ھېسابلايدۇ. ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق تاپقان ۋاقىتتا جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان زۇڭلىسىنىڭ بېيجىڭگە كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ؛ ئەگەر ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئوڭايسىز بولسا، جۇڭگو زۇڭلىسى دېھلىگە بېرىپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ.

خۇددى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتىدا شەرھىلەنگىنىدەك، بۇ ئۈچ ماددىلىق تەكلىپتە ئېيتىلغان ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى ھازىرقى چېگرا توقۇنۇشىدا ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرى ئەمەلىي ئۇچراشقان سىزىققا قارىتىلماستىن، بەلكى 1959-ژىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە قويغان شۇ چاغدىكى پۈتۈن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا سىزىقىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىغا قارىتىلغان. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى 1959-ژىلدىن بۇيان ھىندىستان تەرەپنىڭ بۇ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن

ئوتكەنلىك، جۇڭگو زېمىننى بېسىۋالغانلىق فاكتىنى ھەرگىز ماقۇل كورمەيدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرگىز يېقىندا ئوزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشتە ئىگە بولغان ئىلگىرلەشلەر سەۋەبىدىن ھەر قانداق بىر تەرەپلىمە تەلەپنى ھىندىستانغا مەجبۇرى تاڭمايدۇ.

جۇڭگونىڭ بىرىنچى ماددىدىكى تەكلىۋىنىڭ ماھىيىتى — ئۈچ ژىلدىن بۇيانقى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەزىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىشىشى ئالدىدىكى — 1959 ـ ژىلدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇش ھەمدە ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىدىن 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ تەكلىپتە تەلەپ قىلىنغان مەجبۇرىيەت ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭدۇر. ئەگەر ھىندىستان ھوكۇمىتى بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇدىغان بولسا، جۇڭگو چېگرا مۇداپىە قىسىملىرى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھازىر تۇرغان يېرىدىن بۇ سىزىقنىڭ شىمالىغا چېكىنىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ سىزىقتىن يەنە شىمالغا قاراپ 20 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىدۇ، ھىندىستان قوشۇنلىرى بولسا، بۇ سىزىقتىن جەنۇپقا قاراپ 20 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئەگەر ھازىر جۇڭگو چېگرا مۇداپىە قىسىملىرى يېتىپ بارغان ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىغىنىڭ جەنۇبىدىكى داۋاڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىن تارتىپ ھېساپلىغاندا، جۇڭگو چېگرا مۇداپىە قىسىملىرى تەخمىنەن 40 كىلومېتىر چېكىنگەن بولىدۇ، ھىندىستان قوشۇنلىرى بولسا، ئاران بىر ـ ئىككى كىلومېتىر چېكىنگەن، ھەتتا چېكىنمىگەن بولىدۇ (قوشۇمچە 5 ـ خەرىتىگە قاراڭ).

جۇڭگونىڭ ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىدىن 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىندۇرۇش تەكلىۋىنى قايتا بايان قىلىشى ۋە تەكىتلىشى يېقىنقى ئۈچ ژىللىق ئاچچىق

ساۋاقتىن بولغان. جۇڭگو ھوكۇمىتى شۇنى چۇڭقۇر ھېس قىلدىكى، تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتقان چېگرا جايلاردا ئەگەر ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالى قىلمىغاندا، چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ناھايىتى قىيىن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شۇنى ھەم كورسۇتۇپ ئوتۇش كېرەككى، ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى ئىككى دولەتنىڭ چېگرا سىزىقى ھېساپلانمايدۇ. بۇ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھورمەت قىلىش ئىككى تەرەپنىڭ ئوزلىرىنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ساقلاپ قېلىشىغا دەخلى يەتكۇزمەيدۇ، بەلكى يېقىنلىشىشتىن سوھبەت ئوتكۇزۇش، چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇچۇن ياخشى كەيپىيات يارىتىدۇ.

**13. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئەسلىدە ھىندىستان ھوكۇمىتى جۇڭگونىڭ ئۇچ ماددىلىق تەكلىۋى ئۇستىدە سالماغلىق بىلەن ئويلىنىپ كورگەندىن كېيىن بۇنىڭغا ئاۋاز قوشار، دەپ ئۇمىت قىلغان ئىدى. لېكىن جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ تەكلىۋى ھىندىستان ھوكۇمىتىگە تاپشۇرۇلغان كۇنىلا ھىندىستان ھوكۇمىتى جۇڭگونىڭ تەكلىۋىنى ئالدىراپ ـ تېنەپ رەت قىلىۋەتتى ھەم جۇڭگونىڭ تەكلىۋى ئالدامچىلىق، دەپ توھمەت قىلدى.**

ھىندىستان ھوكۇمىتى پۇتۇن چېگرا سىزىقىنىڭ 1962 ـ ژىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۇنىدىن بۇرۇنقى ھالىتى ئەسلىگە كەلتۇرۇلمىگىچە سوھبەت ئوتكۇزۇشكە بولمايدۇ، دېگەنىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ۋە ئوزىنىڭ پەقەتلا «يۇز ـ خاتىرە، ئىززەت ـ ھورمەت ۋە غۇرۇرلۇق ئاساسىدا» سوھبەت ئوتكۇزمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۇردى.

ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۇنىدىن بۇرۇنقى چېگرا

ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگىنى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئۇ، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدا، ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ قانۇنسىز مېكماخون سىزىقىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو زېمىنىنى يېڭىۋاشتىن بېسىۋېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب قىسمىدا، ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ 1959-ژىلىدىن بۇيان جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئىچىدە قۇرغان ھەربىي پۇنكىتلىرىنى يېڭىۋاشتىن بېسىۋېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھالەت زادى قانداق ھالەت؟ بۇ، ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىرى بېسىۋالغان پايدىلىق ھەربىي ئورۇنغا تايىنىپ، 10-ئاينىڭ 20-كۈنى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ھۇجۇم قوزغىغانلىقى ھالىتىدۇر. بۇ، جىددىيلىشىپ مۇقەررەرلىككە يەتكەن چېگرا توقۇنۇشىغا ھامىلدار ھالەتتۇر. مەيلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى چېگرا ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولسۇن ياكى 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى چېگرا ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولسۇن، بۇنىڭ ھېچقايسىسى ئادىل ئەمەس، ھېچقايسىسى تىنچلىق ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1959-ژىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى چېگرا ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلماي، 1962-ژىلى 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىكى چېگرا ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1959-ژىلىدىن بۇيان جۇڭگونىڭ نۇرغۇن زېمىنىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ھىندىستان ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان ھالەت ئۈچ ژىلدىن بۇيان ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن ئۆتكەن ۋە جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى ھالەتتۇر؛ جۇڭگونىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكلىپ قىلغان ھالىتى بولسا،

ئۈچ ژىلدىن بۇرۇنقى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى ئاساسەن تىنچ بولۇپ كەلگەن ۋاختىتىكى ھالەتتۇر. ھىندىستاننىڭ تەكلىۋى بويىچە بولغاندا، يالغۇز جۇڭگو تەرەپلا ئارقىغا چېكىنىدۇ، ھىندىستان ئارقىغا چېكىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، يەنە ئالغا ئىلگىرلەيدۇ، يەنە جۇڭگو زېمىنىنى قايتىدىن بېسىۋالىدۇ؛ جۇڭگونىڭ تەكلىۋى بويىچە بولغاندا، جۇڭگو ـ ھىندىستان ھەر ئىككى تەرەپ ئارقىغا چېكىنىدۇ، شەرق قىسمىدا جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ ئارقىغا چېكىنىدىغان ئارىلىقى ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئارقىغا چېكىنىش ئارىلىقىدىن خېلى كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. مەيلى قايسىلا جەھەتتىن قارىمايلى، ھىندىستاننىڭ تەكلىۋى بىر تەرەپلىمە، كىشىگە زورلاپ تاڭغان ۋە جۇڭگونى تىز پۈكتۈرمەكچى بولغان تەكلىپتۇر؛ جۇڭگونىڭ تەكلىۋى بولسا، ھەر ئىككى تەرەپكە تەڭ بولغان، ئۆز ئارا يول قويۇلغان ۋە بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىنغان تەكلىپتۇر. جۇڭگو تەرەپ يەنە، ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرىنىڭ سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈشنى، نېھرۇ زۇڭلىنىڭ بېيجىڭگە كېلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى؛ ئەگەر ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇڭايسىز دەپ بىلسە، جۇڭگو زۇڭلىسىنىڭ يېڭى دېھلىغا يەنە بىر قېتىم بېرىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگونىڭ مۇنداق كېلىشىش تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، روشەنكى، ھىندىستاننىڭ ئىناۋىتى ۋە يۈز ـ خاتىرىسىنى تولۇق ھېساپقا ئالغانلىقىدۇر. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ پەقەتلا «يۈز ـ خاتىرە، ئىززەت ـ ھۆرمەت ۋە غۇرۇرلۇق ئاساسىدا» سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقىنى تەكىتلىدى. لېكىن ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىۋى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭلا يۈز ـ خاتىرىسى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىنى ھېساپقا ئېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە غۇرۇرىنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

www.uyghurkitap.com

14. نېھرۇ زۇڭلى 1 ـ قېتىملىق مۇراجىئىتىمنى رەت قىلغاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭغا يەنە 2 ـ قېتىم مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭ سوھبەت جوزىسىغا قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىت قىلدىم. لېكىن ھازىرقى خىلمۇ ـ خىل ئالامەت ـ لەردىن قارىغاندا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى تىنچ سوھبەت ئېلىپ بېرىش نىيىتىدە بولمايلا قالماستىن، بەلكى دا ـ ۋاملىق قورال كۈچى ئىشلىتىشكە بەل باغلىدى. ھىندىس ـ تان ھۆكۈمىتى ھىندىستاننىڭ ئەمەلىيەتتە جۇڭگو بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغانلىقىنى ئاشكارا جاكالىدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھىندىستان يىخۇيىغا «جۇڭگو تاجاۋۇزچىلىرىنى ھىندىستان زېمىنىدىن قوغلاپ چىقىرىش» دېگەن قارار لايىھىسىنى قويدى، ھىندىستان يىخۇيىمۇ بۇ لايىھىنى ماقۇللىدى. ھىندىستان زۇڭتۇڭى پۈتۈن مەم ـ لىكەت بويىچە «جىددىي ھالەت» ئېلان قىلدى. ھىندىستاندا ئۇرۇش مەزگىلى نىيىگىسى قۇرۇلۇپ، ھەربىي سەپەرۋەرلىك ئېلىپ بېرىلماقتا، ئۇرۇش زايومى تارقىتىلماقتا ھەم ھىندىستان ئىگىلىكىنى «ئۇرۇش ئاساسى»غا كۆچۈرۈش باشلانماقتا. پۈتۈن ھىندىستاننى ئۇرۇش ئەسە ـ بىلىكى قاپلىماقتا. نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىغا پۈتۈنلەي ئېتىۋار قىلماي، جۇڭگو خەلقىگە ئۆچمەنلىك قىلىش ئۇرۇقىنى ئۇچۇقتىن ـ ئۇچۇق چېچىپ، ھەممىلا يەردە ھىندىستان خەلقىنى جۇڭگو خەلقى بىلەن ئۇزۇن مۇددەت ئۇرۇشۇشقا چاقىرماقتا. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھىندىستاندىكى جۇڭگو مۇھاجىر ـ لىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى كۈچەيتتى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ھىندىستاندىكى تارماق ئورگانلىرىنى يولسىزلىق بىلەن پېچەتلىدى، جۇڭگونىڭ ھىندىستاندىكى باش ئەلچىخانا ۋە ئەلچىخانا خادىم ـ لىرىنىڭ ژۇرۇش ـ تۇرۇشىنى قوپاللىق بىلەن چەكلىدى، ھەتتا جۇڭگو

بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش مەسىلىسى ئۈستىدە ئويلاشماقتا. ھىندىستان ھۆكۈمىتى «ئىتتىپاق تۈزمەسلىك» تونىنى سېلىپ تاشلاپ، ئاقىش دىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھەربىي ياردەم تىلىمەكتە ھەم ئاقىشنىڭ ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان قورال ـ ياراقلىرىغا ئېگە بولماقتا. نۇرغۇن ھىندىستان قوشۇنلىرى ۋە كۆپلىگەن ئاقىش قورال ـ ياراقلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا رايونلىرىغا چاقماق تېزلىكى بىلەن توشۇلماقتا. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ ۋە شەرق قىسىملىرىدا ھىندىستان قوشۇنلىرى جۇڭگو چېگرا مۇداپىە قىسىملىرىغا بولغان ھۇجۇمنى توختاتماي كېلىۋاتماقتا. ھىندىستان گېزىتلىرى ھىندىستاننىڭ كەڭ قايتۇرما ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئۆزلۈكسىز تەشۋىق قىلماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ كەڭ كولەملىك چېگرا توقۇنۇشى خەۋپىنىڭ جىددىي يوسۇندا كۈچۈيۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق كورسۇتۇدۇ.

**15. جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ چېگرا مەسىلىسى سەۋەبى بىلەن ئۇرۇش قىلىشىغا زادىلا ئاساس يوق. مۇنداق بەختكە قارشى ۋەزىيەتنىڭ يۈز بېرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۈچ ژىلدىن بۇيان، جۇڭگو ھوكۇمىتى مۇمكىن بولغان بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كورسەتتى.** جۇڭگو ھوكۇمىتى دەسلەپتىلا چېگرا مەسىلىسىنى تېچ سوھبەت ئارقىلىق دوستانە ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۈچ ژىلدىن بۇيان سوھبەت توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك جۇڭگو تەرەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. سوھبەت ئۈچۈن جۇڭگو زۇڭلىسى ئىككى دېھلىغا باردى ۋە يەنە بېرىشقىمۇ تەييار. لېكىن ئۈچ ژىلدىن بۇيان، ھىندىستان ھوكۇمىتى دائىم سوھبەتنى رەت قىلىپ كەلدى، ياكى سوھبەتلىشىشكە نائىلاج قوشۇلغان

بولسىمۇ، ھەل قىلىشقا بولۇدىغان مەسىلىلەرنىڭ ھىچقايسىسىنى ھەل
قىلمىدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغىچە، شەكىل-
لەنگەن چېگرا ھالىتىنى ساقلاپ تۇرۇشنى، ئۇچۇق قىلىپ ئېيتقاندا،
جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا 1959-ژىلى مەۋجۇت
بولغان ئەمىلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىنى ساقلاپ تۇرۇشنى تەشەببۇس
قىلدى. لېكىن ھىندىستان تەرەپ ئاۋال جۇڭگو-ھىندىستان چېگرى-
سىنىڭ غەرپ قىسمىدا ئەمىلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىدىن ئوتتى،
ئاخىرىدا، ھەتتا شەرق قىسمىدا ئوزى تەشەببۇس قىلغان ئاتال-
مىش مېكماخۇن سىزىغىنىمۇ بۇزدى. جۇڭگو ئىككى تەرەپ قۇراللىق
قىسىملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالى بولۇشنى ئىزدەپ كەل-
دى، ھىندىستان بولسا، ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى زورمۇ-
زور دوقۇرۇشتۇرۇپ كەلدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى چېگرا توقۇنۇشىدىن
ساقلىنىش ئۇچۇن، ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى چەتلەش-
تۇرۇش، چارلاشنى توختۇتۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەمدە ھىندىستان
جۇڭگونىڭ تەكلىۋىنى رەت قىلغاندىن كېيىنمۇ، چېگرىنىڭ بۇ تەرى-
پىدە چارلاشنى ئوز ئالدىغا توختاتتى. ھىندىستان قۇراللىق قىسىم-
لىرى بولسا، جۇڭگونىڭ چارلاشنى ئوزئالدىغا توختاتقانلىغىدىكى
بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو زېمىنىغا بېسىپ كىرىش بىلەن،
ھەربىي پۇنكتلار قۇرۇپ، قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كېلىپ، جۇڭگو-
ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىنى ئاخىر مۇقەررەرلەشتۇرۇپ قويدى.
ئەگەر ھىندىستان ھوكۇمىتىدە ئازراق بولسىمۇ چېگرا مەسىلىسىنى
تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئارزۇسى بولغان بولسا، جۇڭگو-ھىن-
دىستان چېگرا ۋەزىيىتى ھەرگىز رېۋاجلىنىپ بۇگۇنكىدەك بەختى-
سىز دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەن بولاتتى. بۇگۇنكى بۇ بەختكە قار-
شى ۋەزىيەتنى دەل ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ ئوزى كەلتۇرۇپ

چىقاردى. ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا چېگرا مەسىلە-
سىنىڭ ئۆزى سەۋەپ بولدى، دېيىشتىن كورە، ئۇنىڭ مۇشۇ ۋەز-
ئىيەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگوغا قارشى ھەركەت قوزغاش، ئىچكى
جەھەتتە خەلقنىڭ دىققىتىنى بۇراش، خەلق ئۈستىدىكى سىياسىي
ئېغىر لاشتۇرۇش، ئىلغار كۈچلەرگە زەربە بېرىش، تاشقى جەھەتتە
تېخىمۇ كوپ ئاقش ياردىمىگە ئىگە بولۇشنى مەخسەت قىلغانلىقى
سەۋەپ بولدى، دېيىش كېرەك.

16. جانابى ئالىيلىرى، مەن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلە-
سىنى باشتىن-ئاياق ناھايىتى ئېچىنغان ھالدا بايان قىلىپ ئوتتۇم.
لېكىن جانابىلىرى شۇنىڭغا ئىشىنىشىلىرى مۇمكىنكى، **جۇڭگو
ھوكۇمىتى ھەرگىز ئۈمىتسىزلەنمەيدۇ، بىز ئالغا قاراش-
نى خالايمىز. ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ھەرقانچە مۇرەككەپ
بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭ-
گو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تېچ يول بىلەن
ھەل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىرادىسى قەتئىي تەۋ-
رەنمەيدۇ. ئازراقلا ئۈمىت بولىدىكەن، جۇڭگو ھوكۇ-
مىتى كېلىشىش قىلىش يولىنى داۋاملىق ئىزدەيدۇ،
چېگرا توقۇنۇشىنى توختۇتۇشقا پايدىلىق شەرت-شا-
رائىتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يارىتىدۇ. جۇڭگو-ھىندىس-
تان ئوتتۇرىسىدا توپ پايدا-زىيان زىددىيىتى يوق، ھازىرقى چېگ-
را توقۇنۇشىنىڭ رىۋاجلىنىپ ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدىكى ئومۇم-
يۈزلۈك ئۇرۇشقا ئايلىنىشىنى، جۇڭگو ھوكۇمىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا،
پۈتۈنلەي تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ چېگرا توقۇنۇشى تېچ يول
بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك، بەلكى ئاخىر شۇنداق ھەل قىلىنىدۇ.
جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى يۈز بەرگەن-**

ىدىن بۇيان، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈـ چۈن، ئۇرغۇنلىغان ئاسىيا ـ ئافرىكا دولەتلىرىنىڭ رەھـ بەرلىرى ناھايىتى زور تىرىشچانلىقـلار كورسەتتى. ئۇلار پۈتۈنلەي دېگىدەك بىرنىيەت بىلەن مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: بىز ئاسىيا ـ ئافرىكا دولەتلىرىنىڭ چوڭ دۈشمىنى جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكتۇر؛ بىز بۇ دولەتلەرنىڭ ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا قالاق ئىختىسادىي قىياپەتنى ئوزگەرتىش يولىدىكى جىددىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى تۇرماقتا؛ جۇڭگو ـ ھىندىستاندىن ئىبارەت ئاسىيادىكى بۇ ئىككى چوڭ مەملىكەت چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان دوستلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئاسىيا ـ ئافـ رىكا ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشى، بىزنىڭ ھازىرقى ئاساسىي دۈشمـ نىمىزگە بىرلىكتە تاقابىـل تۇرۇشى لازىم. ئۇلار جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپنىڭ قۇراللىق توقۇنۇشنى توختۇتۇپ، دەرھال سوھبەت ئوتكۈزۈشنى، چەتتىن بولغان ئارىلىشىشقا قارشى تۇرۇشنى مۇراـ جەت قىلىشتى. جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئاسـىيادىكى ئىككى چوڭ دولەتتۇر. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى پەقەت جۇڭگو ـ ھىنـ دىستان ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاستە سوھبەت ئوتـكۈزۈشى ئارقىلىقلا، ھەر ئىككى تەرەپ قانائەتلەنگىدەك ھەل بولۇدۇ. جۇڭگو ھوكۈمىتى دوستانە ئاسىيا ـ ئافرىكا دولەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ ماجراغا ئارىلىـ شىپ قالماي، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاستە سوھـ بەتلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدىكى ئادىـل تىرىشچانلىقىنى قىزغىن ئالقىشلايدۇ ھەم ئۇنىڭغا چىن كوڭلىدىن تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ. مەن جاناپلىرىنىڭ ئادالەتلىكنى قوللاپ، داۋاملىق تۇردە ئوزلىرىـ نىڭ ئالى تەسىرلىرى بىلەن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ

ئادىل ـ مۇۋاپىق ئاساستا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىنى ئالغا سۈ-
رۈشلىرىنى سەممىي ئۈمت قىلىمەن.
شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالى ھورمەت بىلدۈرۈمەن.
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۇەنىنىڭ زۇڭلىسى
جۇئېنلەي
1962 ـ ژىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، بېيجىڭ.



www.uyghurkitap.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى
# ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتى

(1962 ـ ژىل 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، سائەت نول، بېيجىڭ)

ئىككى ژىلدىن بۇيان ھىندىستان قوشۇنلىرى ئاۋال جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب قىسمىدا، كېيىن شەرق قىسمىدا جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ كەلگەن سىزىقتىن ئۆتۈپ، جۇڭگو زېمىنىنى بىر چەتتىن غېجەپ يەپ، تاجاۋۇزچىلىق پۇنكىتلىرىنى قۇردى ۋە كۆپ قېتىم چېگرا توقۇنۇشلىرىنى قوزغىدى. ھىندىستان قوشۇنلىرى ئۆزلىرىنىڭ بېسىۋالغان پايدىلىق ھەربىي جېنىدىسىغا يۆلىنىپ، تولۇق تەييارلىقلاردىن كېيىن، ئاخىرى، 1962 ـ ژىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك، كەڭ كۆلەمدە قوراللىق ھۇجۇم قوزغىدى. ھازىرغىچە ھىندىستان تەرەپ غەرەزلىك قوزغىغان بۇ چېگرا توقۇنۇشقا بىر ئاي بولۇپ قالدى.

ھىندىستان تەرەپىنىڭ بارغانسىرى جىددىي رەۋىشتە بېسىپ كىرىشى ۋە ئىغۋاگەرچىلىكىگە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئارقىمۇ ـ ئارقا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ كەلدى. چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى باشتىن ـ ئاياق ئەڭ زور دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ

ۋە سەۋىر ـ تاقەت بىلەن يول قويۇپ كەلدى. لېكىن جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ ھەممە تىرىشچانلىقلىرى نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى، ھىندىستان تەرەپنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرى ئازايماي كۆپىيىۋەردى. ئاخىرىدا، سەۋىر ـ تاقەت قىلىش ۋە چېكىنىشنىڭ ئورنى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا، قەتئىي تۇردە، ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشتىن باشقا يول قالمىدى. بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەملىك چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەرگەندىن كېيىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى يەنە، تېزلىك بىلەن تەشەببۇسكارلىق كۆرسىتىپ، تۇتاشتۇرۇلۇپ بولغان ئۇرۇش ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە تىرىشتى. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، يەنى بۇ قېتىمقى چېگرا توقۇنۇشى پارتلاپ 4 ـ كۈنى، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرا توقۇنۇشىنى توختىتىش، يېڭىۋاشتىن تىنچ سۆھبەت باشلاش ۋە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈچ ماددىلىق مۇۋاپىق تەكلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئۈچ ماددىلىق تەكلىپ مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1. ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى سۆھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشى كېرەك، دەپ ھېساپلىشى لازىم. تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغىچە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىغا ھەر ئىككى تەرەپ ھۆرمەت قىلىپ، ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنى بۇ سىزىقتىن 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىندۈرۈش بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالى بولۇشنى ماقۇل كۆرۈشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

2. ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىرىنچى تەكلىپنى ماقۇل كۆرگەن ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى تەرەپنىڭ كېڭىشىشى ئار ـ

قىلىق چېگرىنىڭ شەرق قىسمىدىكى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىم-لىرىنى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىنىڭ شىمالىغا قايتۇرۇپ كېتىشنى خالايدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە، چېگرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەرپ قىسىملىرىدا جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن، يەنى ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىدىن ئوتمەسلىككە كاپالەت بېرىشى لازىم.

ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن خالى بولۇش ۋە قوراللىق توقۇنۇشنى توختۇتۇشقا دائىر ئىشلار ئۈستىدە جۇڭگو-ھىندىستان ھوكۇمەتلىرى ئەمەلدارلار تەيىنلەپ، سوھبەت ئېلىپ بېرىشى لازىم.

3. جۇڭگو ھوكۇمىتى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى دوستانە ھەل قىلىش مەخسىتىدە جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى دولەت زۇڭلىلىرى يەنە بىر قېتىم سوھبەت ئوتكۇزۇشى لازىم، دەپ ھېساپ-لايدۇ. ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق تاپقان ۋاختتا جۇڭگو ھوكۇمىتى ھىندىستان زۇڭلىسىنىڭ بېيجىڭگە كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ؛ ئەگەر ھىندىستان ھوكۇمىتىگە ئوڭايسىز بولسا، جۇڭگو زۇڭلىسى دېھلىگە بېرىپ، سوھبەت ئوتكۇزۇشنى خالايدۇ.

ھىندىستان ھوكۇمىتى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئۈچ ماددىلىق تەك-لىۋىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىلا، بۇ تەكلىپلەرنى ئالدىراپ-تىنەپ رەت قىلدى ھەمدە جۇڭگو ھوكۇمىتىنى 1962-ژىل 9-ئاينىڭ 8-كۈنىدىن بۇرۇنقى چېگرا ھالىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن چىڭ تۇرۇۋالدى، بۇ، ھىندىستان كەڭ كولەملىك جۇڭگو زېمىنىنى يېڭىۋاشتىن بېسىۋالسۇن، ھىندىستان قوشۇنلىرى يېڭى-ۋاشتىن جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىغا ھەر قاچان كەڭ كولەملىك قوراللىق ھۇجۇم قوزغىيالايدىغان ھالەتتە تۇرسۇن، دېگەنلىكتۇر.

11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، نېھرۇ زۇڭلى جۇئېنلەي زۇڭلىغا يوللىغان جاۋاپ خېتىدە يەنە، تېخىمۇ يولسىز تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر تەرەپتىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن بۇرۇنقى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە قوشۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى ئورنىغا چېكىنىپلا قالماستىن، بەلكى غەرپ قىسمىدا يەنە ھىندىستان بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىمىزغا بەلگىلەپ بەرگەن 1959 - يىلى 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىكى ئورۇنغا چېكىنىشىنى، يەنى جۇڭگونىڭ يەنە 5 - 6 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى — 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن 15 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرغىچە زېمىننى ئۆتۈنۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاختىتا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئاقش نىڭ نۇرغۇن مىقداردىكى ھەربىي ياردىمىگە تايىنىپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق ۋە غەرپ قىسىملىرىدا يېڭىۋاشتىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، چېگرا توقۇنۇشىنى كاژلىق بىلەن كېڭەيتىۋەتتى.

ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇنداق ئۇچىغا چىققان يولسىزلىقى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن ئۇزۇندىن بۇيان قوللانغان سىياسىتى غەرەزلىك ھالدا جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلماي ئېسىلدۇرۇپ قويۇش، ئىككى دۆلەت قوراللىق قوشۇنلىرىنىڭ دوقۇرۇشۇشىنى ساقلاپ قېلىش ۋە جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا ۋەزىيىتىدە جىددىيلىكنى ساقلاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ھېساپلىغان چاغدا، مۇنداق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدا

قۇراللىق تاجاۋۇز ۋە قۇراللىق ئىغۋاگەرچىلىك ژۈرگۈزۈدۇ تاكى قۇراللىق توقۇنۇش قوزغاشقا قەدەر يېتىپ بارىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ھىندىستان ھوكۇمىتى مۇشۇنداق ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، جۇڭگوغا نىسبەتەن سوغۇق ئۇرۇش ژۈرگۈزۈدۇ. كوپ ژىللاردىن بۇيانقى تەجرىبىلەر كورسەتتىكى، ھىندىستان ھوكۇمىتى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن ئاچقان يولىنى ھامان تۇرلۇك يوللار بىلەن ئېتىپ كەلدى. ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ مۇنداق سىياستى جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ تۇپ مەنپىئەتىگە ۋە دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا پۇتۇنلەي خىلاپ بولۇپ، جاھانگىرلىك ئۈچۈنلا پايدىلىق.

جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئۈچ ماددىلىق تەكلىۋى ئەڭ ئادىل، مۇۋاپىق ۋە چېگرا توقۇنۇشىدىن ساقلىيالايدىغان، چېگرىنىڭ ئامانلىغىغا كاپالەت بېرەلەيدىغان ھەم جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا ئېلىپ بارالايدىغان بىردىن ـ بىر تەكلىپتۇر. جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ ئۈچ ماددىلىق تەكلىپتە چىڭ تۇرۇدۇ. لېكىن ھىندىستان ھوكۇمىتى تا ھازىرغىچە بۇ ئۈچ ماددىلىق تەكلىپنى رەت قىلىپ، چېگرا توقۇنۇشىنى داۋاملىق كېڭەيتىش بىلەن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەزىيىتىنى كۇندىن ـ كۇنگە ئېغىرلاشتۇرماقتا. بۇ ۋەزىيەتنى بۇراش ئۈچۈن، جۇڭگو ھوكۇمىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەدبىر قوللۇنۇپ، بۇ ئۈچ ماددىلىق تەكلىپنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى قارار قىلدى.

جۇڭگو ھوكۇمىتى ھازىر مۇنۇلارنى جاكالايدۇ:

**1. مۇشۇ بايانات ئېلان قىلىنغان كۇننىڭ ئەتىسى، يەنى 1962 ـ ژىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى سائەت نول ـ**

ـدىن ئېتىۋارەن جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ پۈتكۈل سىزىقىدا ئوت ئېچىشنى توختىتىدۇ.

2. 1962-يىلى 12-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن ئېتىبارەن جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى 1959-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن 20 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىدۇ.

شەرق قىسمىدا، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى گەرچە ھازىرغا قەدەر ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭگو زېمىنىدا تۇرۇپ قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشقا ئاتلانغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىمۇ ھازىر تۇرۇشلۇق جايىدىن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىغا، يەنى قانۇنسىز مېكماخون سىزىقىنىڭ شىمالىغا قايتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىزىقتىن يەنە 20 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىدۇ.

ئوتتۇرا ۋە غەرب قىسىملاردا، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن 20 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنىدۇ.

3. جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا رايونلىرىدىكى خەلقلەرنىڭ ئادەتتىكى بېرىش-كېلىشىگە كاپالەت بېرىش، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ ھەركەتلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە چېگرا تەرتىۋىنى ساقلاش ئۈچۈن، جۇڭگو ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىنىڭ ئۆز تەرىپىدىكى بىر قانچە جايىدا تەكشۈرۈش پونكىتلىرى قۇرۇدۇ، ھەر بىر

تەكشۈرۈش پۈنكتىغا مەلۇم ساندا خەلق ساقچى-
لىرى قويۇدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى ژۇقۇرقى تەكشۇ-
رۇش پۇنكتلىرىنىڭ ئورۇنلىرىنى ھىندىستان ھوكۇ-
مىتىگە دىپلوماتىك يول بىلەن ئۇختۇرۇدۇ.

جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوللانغان بۇ تەد-
بىرلىرى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ چىگرىدىكى توقۇنۇشنى توختۇتۇش،
جۇڭگو-ھىندىستان چىگرا مەسىلىسىنى تىنچ ھەل قىلىش يولىدىكى
ئىنتايىن زور سەمىمىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنى ئالاھىدە كورسۇتۇپ
ئوتۇش كىرەككى، جۇڭگو چىگرا مۇداپىيە قىسىملىرىنىڭ ئارقىغا
چىكىنگەنىدىن كىيىنكى ئورنى ئوزىنىڭ 1962-ژىلى 9-ئاينىڭ
8-كۇنىدىن بۇرۇنقى ئورنىدىن ژىراق بولۇدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى،
جۇڭگونىڭ ژۇقۇرقى تەشەببۇسكارانە تەدبىرلەر قوللانغانلىغى ئار-
قىسىدا، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ ھىندىستان خەلقى ۋە دۇنيا ئەل-
لىرى خەلقلىرىنىڭ ئارزۇسىنى نەزەرگە ئىلىپ، مۇئامىلىسىنى ئوز-
گەرتىپ، بۇ تەدبىرلەرگە ئاكتىۋ قوشۇلار، دەپ ئۇمىت قىلىدۇ.
ھىندىستان ھوكۇمىتى مۇناسىپ تەدبىر قوللۇنۇشقا ماقۇل بولغان
ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى دولەت ھوكۇمەتلىرى
دەرھال ئەمەلدارلار ئىۋەتىپ، جۇڭگو-ھىندىستان چىگرىسىنىڭ
ھەر قايسى قىسىملىرىدا ئىككى تەرەپ كىلىشكەن ئورۇنلاردا ئۇچ-
رۇشۇپ، ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنى 20 كىلومىتىردىن
ئارقىغا چىكىندۇرۇش بىلەن ھەربىي ئىشلاردىن خالىي بىر رايون
شەكىللەندۇرۇش، ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىغىنىڭ
ئوز تەرەپلىرىدە تەكشۇرۇش پۇنكتلىرى قۇرۇشى ۋە ئەسىرگە چۇش-
كەنلەرنى قايتۇرۇشقا دائىر ئىشلارنى كىڭىشىشى مۇمكىن.

ئىككى تەرەپ ئەمەلدارلىرىنىڭ سوھبىتى نەتىجە ھاسىل قىلغان

ھەم ئەمەلگە قويۇلغاندىن كېيىن، ئىككى دۆلەت زۇڭلىلىرى سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ دوستانە ھەل قىلىنىشىنى ئىزدىشى مۇمكىن. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان زۇڭلىسىنىڭ بېيجىڭگە كېلىشىنى قارشى ئالىدۇ؛ ئەگەر ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە ئوڭايسىز بولسا، جۇڭگو زۇڭلىسى دېھلىگە بېرىپ، سوھبەت ئۆتكۈزۈشنى خالايدۇ.

**جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەدبىرلەرگە ئاكتىپ قوشۇلۇشىنى سەممىي كۈتىدۇ. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا قوشۇلالمىغان تەقدىردىمۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يۇقىرىقى تەدبىرلەرنى بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ.**

لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۆرۈلۈش ئېھتىمالى بولغان تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنى: 1) جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئوت ئېچىشنى توختاتقاندىن كېيىن ۋە ئارقىغا چېكىنىش جەريانىدا ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ داۋاملىق ھۇجۇم قىلىشى؛ 2) جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى پۈتۈن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى بويىچە 20كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنگەندىن كېيىن، ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ شەرق قىسىمدا ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىغا، يەنى قانۇنسىز مېكماخون سىزىقىغا يېقىنلاشتىن سىلجىپ كىرىش، ئوتتۇرا قىسىمدا ۋە غەرب قىسىمدا ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدا چېكىنمەستىن داۋاملىق تۇرىۋېرىش؛ 3) جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى پۈتۈن ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقى بويىچە 20 كىلومېتىر ئارقىغا چېكىنگەندىن كېيىن ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىدارە قىلىش سىزىقىدىن ئۆتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن بۇرۇنقى ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يەنى

شەرق قىسمىدا قانۇنسىز مېكماخۇن سىزىقىدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ، سىزىقنىڭ شىمالىدىكى كېجېيلاڭ دەرياسى رايونىنى بېسىۋېلىش، ئوتتۇرا قىسمىدا ۋۇرېنى يەنە بىر قېتىم بېسىۋېلىش، غەرپ قىسمىدا جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى چىپچاپ جىلغىسى، جىيالېۋەن جىلغىسى، بانگوڭخۇ رايونى ۋە دېموجۇك رايونىدىكى 43 تاجاۋۇزچىلىق پۇنكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ياكى تېخىمۇ كۆپ تاجاۋۇزچىلىق پۇنكىتلىرى قۇرۇش ئېھتىماللىرىنى مولچەرلىمەي تۇرالمايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇنى تەنتەنە بىلەن ئۇختۇرۇدىكى، ئەگەر ژۇقۇرقى ئەھۋاللار كورۇلۇپ قالسا، جۇڭگو ئۆزئۆزىنى قوغداپ، قايتۇرما زەربە بېرىش ھوقۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان بارلىق ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ھىندىستان ھۆكۈمىتى تولۇق جاۋاپكار بولۇشى شەرت. دۇنيا خەلقى كىمنىڭ تېچلىقپەرۋەر، كىمنىڭ ئۇرۇشپەرەس ئىكەنلىكىنى؛ كىمنىڭ جۇڭگو-ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ۋە ئاسىيا-ئافرىكا ئىتتىپاقلىقىنى قوغداۋاتقانلىقى، كىمنىڭ جۇڭگو-ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى ۋە ئاسىيا-ئافرىكا ئىتتىپاقلىقىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى؛ كىمنىڭ ئاسىيا-ئافرىكا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۆرەشلەردىكى ئورتاق مەنپەئىتىنى قوغداۋاتقانلىقى، كىمنىڭ بۇ ئورتاق مەنپەئەتكە خىلاپلىق قىلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق سېلىۋاتقانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالىدۇ.

جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى ئىككى ئاسىيا دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىدۇر. جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى دۆلەت بۇ مەسىلىنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىشى، بۇ مەسىلە تۈپەيلىدىن قۇراللىق توقۇنۇشماسلىقى، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ قول

تىقىپ كىرىپ، ھازىرقى بۇ بەختسىز چېگرا توقۇنۇشىنى ئاسىيالىق-
لارنى ئاسىيالىقلارغا سالدىغان ئۇرۇشقا رىۋاجلاندۇرۇشقا يول
قويماسلىقى كېرەك. جۇڭگو ھۆكۈمىتى قايتا-قايتا ئويلۇنۇش ئار-
قىسىدا قوللۇنۇش قارارىغا كەلگەن بۇ مۇھىم تەدبىر دەل جۇڭگو-
ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش، ئاسىيا-
ئافرىقا ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى تەمىن قىلىش-
تىن ئىبارەت ئىنچىل مەيدانىنى ئاساس قىلىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى
ئاسىيا-ئافرىقا دۆلەتلىرى ۋە بارلىق تىنچلىقپەرۋەر دۆلەتلەر ھەم
خەلقلەرنىڭ تىرىشچانلىقلار كۆرسۈتۈپ، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ
بۇنىڭغا مۇناسىپ تەدبىر قوللۇنۇپ، چېگرا توقۇنۇشىنى توختۇتۇپ،
يېڭىۋاشتىن تىنچ سۆھبەت باشلاش بىلەن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا
مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇراجەت قىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ نېھرۇ زۇڭلىغا ئەۋەتكەن خېتى

(1959 ــ ژىل 11 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى)

يېڭى دېھلى

ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭلىسى جاۋاھارلال نېھرۇ ئەپەندى جاناپلىرى

قەدىردان زۇڭلى ئەپەندى:

جانابىڭىزنىڭ 1959 ــ ژىل 9 ــ ئاينىڭ 26 ــ كۈنى يازغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدىم. بەختكە قارشى، شۇندىن كېيىن، 10 ــ ئاينىڭ 21 ــ كۈنى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى كۇڭكا تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىكى جايلاردا يەنە كۈتۈلمىگەن يېڭى چېگرا توقۇنۇشى يۈز بەردى. بۇ قېتىمقى توقۇنۇش توغرىسىدا جۇڭگو ــ ھىندىستان ئىككى دولەت ھوكۇمەتلىرى بىر نەچچە قېتىم جاۋخۇي ئالماشتۇرۇشقان ئىدى، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ 11 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى جۇڭگو ھوكۇمىتىگە تاپشۇرغان جاۋخۇيىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە. كىشىنى ناھايىتى ئەپسۇسلاندۇرۇدىغىنى شۇكى، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ بۇ جاۋخۇيىدا ئىككى دولەتنىڭ چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئاساسىي فاكتلارغا ۋە چېگرىدىكى توقۇنۇش ۋەقەلىرىنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە نۇرغۇن جەھەتلەردە ئېتىۋار بېرىلمىگەنلىكى ئۈستىگە، ئىككى

دولەتنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن زىيانلىق پوزىتسىيە قوللۇنۇلغان. ناھايىتى روشەنكى، مۇنداق پوزىتسىيە مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا قىلچە ياردەم بەرمەيدۇ. ھازىرقى شارائىتتا، مېنىڭچە بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيەت ئالدى بىلەن شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، تېزدىن ۋە ھېچقانداق كېچىكتۈرمەستىن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللۇنۇپ، ئىككى دولەت چېگرىسىدا كىشىنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈۋاتقان ھالەتنى ئىخلاس بىلەن ياخشىلاش ھەمدە مۇندىن كېيىن ھەرقانداق چېگرا توقۇنۇشىنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىنى تىرىشىپ تۈپتىن يوقۇتۇش.

جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت چېگرىسى ئەزەلدىن بەلگىلەنمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئۇزۇن بولغانلىقى، ئىككى دولەتنىڭ سىياسىي مەركەزلىرىگە ناھايىتى ژىراق ياكى بىر قەدەر ژىراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەگەر ئىككى دولەت ھوكۇمەتلىرى ناھايىتى مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى تاپمايدىغان بولسا، ھەر ئىككى تەرەپ خالىمايدىغان چېگرا توقۇنۇشىنىڭ مۇندىن كېيىن يەنە يۈز بېرىشى ئېھتىماللىقىدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. مۇنداق توقۇنۇش يۈز بېرىدىغانلا بولسا، ئۇ ناھايىتى كىچىك توقۇنۇش بولغان تەقدىردىمۇ، بىز ئىككى دولەتنىڭ دوستلىقىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنىڭ خۇيپانە مەخسەتلىرىگە يېتىش يولىدا پايدىلىنىدۇ. بىز ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن تارىختىكى دوستلۇق بار، بىزنىڭ ئارىمىزدا تۈپ مەنپەئەت توقۇنۇشى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىككى دولەت ھوكۇمەتلىرى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى، بىزنىڭ ئىككى دولەت چېگرىسىدىكى جىددى ۋەزىيەتنىڭ داۋاملىق ساقلىنىپ تۇرۇشىغا يول قويۇشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

جانابىڭىزنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يازغان خېتىدە جۇڭگو ھوكۇمىتى قوشۇلالمايدىغان نۇرغۇن كوز قاراشلار بار، بۇ ھەقتە مەن ئوز پىكرىمنى باشقا پۇرسەتلەردە بىلدۇرۇپ ئوتمەكچىمەن. لېكىن مېنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، بۇ قېتىمقى خەتتە، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ناھايىتى كوڭۇل بولۇدىغانلىقى ھەمدە جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ مۇندىن بۇرۇنقى تەشەببۇسلىرىغا، يەنى يۈز بەرگەن چېگرا ماجىراسىنى دوستانە ۋە تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش، بۇ مەسىلە ھەل قىلىنغىچە ھازىرقى ھالەتنى ساقلاپ قېلىش، ھېچقايسى تەرەپ ھەرقانداق ئۇسۇل بىلەن ھازىرقى ھالەتنى ئوزگەرتىشكە ئۇرۇنماسلىقى لازىم، دېگەن تەشەببۇسلىرىغا قوشۇلۇدىغانلىقى يەنە بىر قېتىم ئىزھار قىلىنغان. ئىككى دولەت چېگرىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۇنۇملۇك تۇردە ساقلاپ قېلىش، چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ھەمدە چېگرا مەسىلىسىنى دوستانە ھەل قىلىشقا ياخشى كەيپىيات يارىتىش ئۇچۇن، جۇڭگو ھوكۇمىتى مۇنۇلارنى تەكلىپ قىلىدۇ: جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ ھەرقايسىسى شەرق تەرەپتىكى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىدىن ۋە غەرپ تەرەپتىكى ھەر ئىككى تەرەپ ئەمەلىي ئىدارە قىلىپ تۇرغان سىزىقتىن دەرھال 20 كىلومېتردىن ئارقىغا چېكىنىش؛ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قۇراللىق قىسىملىرى چېكىنگەن جايلاردا ھەر ئىككى تەرەپ يەنە قۇراللىق خادىملارنى ئېۋەتىپ تۇرغۇزماسلىققا ۋە چارلىماسلىققا كاپالەتلىك قىلىش، لېكىن مەمۇرىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ھەم تەرتىپنى ساقلاپ قېلىش ئۇچۇن، خەلق ئىشلىرى خادىملىرىنى ۋە قۇرالسىز ساقچىلارنى داۋاملىق قالدۇرۇش. بۇ تەكلىپ ئەمەلىيەتتىمۇ ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى

جاۋخۇيدىكى ھەرئىككى تەرەپ قۇراللىق خادىملارنى لاگېيۇغا ئېۋەتمەسلىك توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى پۈتۈن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىغا كېڭەيتىش ھەم ھەر ئىككى تەرەپ قىسىملىرىنىڭ ئارىلىقىنى 40 كىلومېترغىچە كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. ئەگەر بۇ ئارىلىقنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە توغرى كەلسە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇنىمۇ ئويلۇنۇپ كۆرۈشنى خالايدۇ. دېمەك، مەيلى بىز ئىككى دۆلەت چېگرىسى سۆھبەت ئارقىلىق رەسمىي بەلگىلىنىشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بىز ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئەڭ تېز ۋە ئەڭ خاتىرجەم چېگرا جايلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈپ، بىز ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مۇندىن كېيىن چېگرا مەسىلىسى يۈزىسىدىن گۇمان ياكى توقۇنۇشلارنىڭ مەڭگۈ تۇغۇلماسلىقى يولىدا بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسۈتۈشنى خالايدۇ، ئەگەر ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تەكلىۋىگە قوشۇلۇدىغان بولسا، بۇ تەكلىپنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى دەرھال دېپلوماتىك يول بىلەن كېڭىشىپ بەلگىلىشى مۇمكىن.

جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىنلا ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا ۋەزىيىتىنى ۋە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى جىددىيلەشتۈرۈش غەرىزىدە بولغان ئەمەس. جانابىڭىزنىڭمۇ ھازىرقى مۇشۇنداق جىددىي ئەھۋالنى پەسەيتىشنى خالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. مەن، بىز ئىككى مەملىكەتنىڭ بىر مىلياردتىن ئارتۇق خەلقىنىڭ ئۇلۇق ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك دوستلۇقى ئۈچۈن، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى بىللىلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان تەكلىپ توغرىسىدا تېزدىن كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا مۇۋەپپەق بولۇشنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

چېگرا مەسىلىسى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىمۇ كېڭىشىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىككى دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ پات ئارىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى تەكلىپ قىلىدۇ.

ھۆرمەتلىك زۇڭلى ئەپەندى! ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى بىزنىڭ تېزدىن ھەركەتلىنىشىمىزنى ئۈمىت قىلماقتا. مېنىڭچە، بىز ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇشىمىز كېرەك، لېكىن پۇرسەت تاپسىلا جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ دوستلۇقىنى بۇزۇشقا جېنىنىڭ بېرىچە ئۇرۇنۇدىغان كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ زەھەرلىك مەخسىدىگە يەتكۈزمەسلىكىمىز كېرەك. مەن جانابىڭىزنىڭ پاتراق جاۋاپ قايتۇرۇشىڭىزنى كۈتۈمەن.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزگە سەممىي سالام يوللايمەن.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىسى

جۇ ئېنلەي

1959 ـ ژىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار بۇسىنىڭ ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرغان جاۋخۇيى

(1959 ـ ژىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى)

ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا:

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تاشقى ئىشلار بۇسى ھىندىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا سالام يوللايدۇ، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا تووەندىكىلەرنى بايان قىلىدۇ ۋە ئۇنى باش ئەلچىخانىنىڭ ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈشىنى ئۆتۈنىدۇ.

جۇ ئېنلەي زۇڭلى 1959 ـ ژىلى 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى نېھرۇ زۇڭلىغا خەت ئېۋەتىپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ تارىخىي ئارقا كورۇنۇشى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالىنى، شۇنىڭدەك جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ مەيدانى ۋە فاكىجېنىنى ئۇمۇمىيۈزلۈك بايان قىلغان ئىدى. شۇندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى نېھرۇ زۇڭلىنىڭ 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئېۋەتكەن خېتىنى ۋە ھىندىستان تاشقى ئىشلار بۇسىنىڭ 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئېۋەتكەن

جاۋخۇيىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەت ۋە جاۋخۇيلاردا ھىندىستان ھوكۇمىتى جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ چېگرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ھەققىدىكى بايانىغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۇرگەن.

جۇڭگو ھوكۇمىتى ھىندىستان ھوكۇمىتى ۋە خەلقى بىلەن باشتىن-ئاياق دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدۇ، چېگرا مەسىلىسىدىمۇ باشتىن-ئاياق مۇلايىم بولۇش، باشقىلارغىمۇ ئادىل، ئۆزىگىمۇ ئادىل بولۇش پوزىتسىيىسىنى قوللۇنۇپ، ھىندىستان ھوكۇمىتى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىپ، ئىككى تەرەپنىڭ كوز قارىشىنى يېقىنلاشتۇرۇشقا تىرىشىشنى خالايدۇ. جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى بەلگىلىك مۇرەككەپلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ھوججەت ئالماشتۇرۇشقا تايىنىپ ھەل قىلىش تەس ئىكەنلىكىنى كوزدە تۇتۇپ، جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىككى دولەت ھوكۇمەت ۋەكىللىرىنىڭ، ئالدى بىلەن، ئىككى دولەت زۇڭلىلىرىنىڭ تېزدىن يۇزمۇ-يۇز ئولتۇرۇپ سوھبەت ئوتكۇزۇپ، تېخىمۇ ئۇنۇملۇك ھالدا پىكىر ئالماشتۇرۇشى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلىشىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلمەكتە. لېكىن ئىككى دولەت زۇڭلىلىرىنىڭ سوھبىتى ھېلىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ مەسىلىھەتلىشىپ بەلگىلىشىگە قاراشلىق بولۇپ تۇرماقتا، ۋەھالەنكى ھىندىستان ھوكۇمىتى ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خەت ۋە جاۋخۇيلارنىڭ چېگرا ھەققىدىكى فاكتلار قىسمىغا جۇڭگو ھوكۇمىتى جاۋاپ بەرمىدى، دەپ ئاغرىنماقتا. شۇنىڭ ئۇچۇن، جۇڭگو تاشقى ئىشلار بۇسى بۇيرۇققا بىنائەن، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ 9-ئاينىڭ 8-كۇنى ۋە نېھرۇ زۇڭلىنىڭ 9-ئاينىڭ 26-كۇنى ئۆزئارا ئېلىشقان خەتلىرى ھەم ھىندىستان تاشقى ئىشلار بۇسىنىڭ 11-ئاينىڭ 4-كۇنى ئېۋەتكەن جاۋخۇيىدىن پايدىلىنىپ، چېگرا مەسىلىسى ھەققىدىكى فاكتلارغا دائىر بىر قانچە ئاساسىي مەسىلىلەر توغرىسىدا

يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.

جۇڭگو بىلەن ھىندىستان تىنچلىقپەرۋەر چوڭ دۆلەتلەردۇر، ئۇلار ئۆز ئارا دوستانە ئۆتكەن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، ھازىر ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە ئۇلۇغ ئورتاق ۋەزىپىلىرى بار. جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ دوستلۇقى ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭلا مەنپەئىتى ئەمەس، بەلكى دۇنيا تىنچلىقى، بولۇپمۇ ئاسىيا تىنچلىقىنىڭ مەنپەئىتىدۇر. شۇڭا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن تالاش-تارتىش قىلىشنى زادى خالىمايدۇ. بەختكە قارشى، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسى تا ھازىرغىچە بەلگىلەنگىنى يوق، يەنە كېلىپ، ئەنگلىيە بۇ جەھەتتە بەزى ماجىرا مىراسلىرىنى قالدۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگوغا نىسبەتەن كىشى قوبۇل قىلالمايدىغان بىر مۇنچە ئەيىپلاشلارنى يۈرگۈزۈپ، مۇنداق تالاش-تارتىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا بىر تالاي تەپسىلاتلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى گەرچە ئۆزىنىڭ جاۋابىنى ئىخچام قىلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، تارىخىي ھەقىقەتنى ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ كۆز قارىشىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇش يۈزىسىدىن بەزى تەپسىلاتلار ئۈستىدىمۇ توختىماي ئۆتەلمەيدۇ، بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىمىز.

ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، تۆۋەندىكى قۇرلاردا جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ۋە شىزاڭنى لاداخ بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر قىسىم چېگرىنى قىسقىچە غەرب قىسىم دەپ، غەرب قىسىمنىڭ شەرقىي جەنۇب بېشىدىن تارتىپ جۇڭگو، ھىندىستان، نېپال ئۈچ دۆلەتنىڭ چېگرىلىرى تۇتىشىدىغان جايغىچە بولغان بىر قىسىم چېگرىنى قىسقىچە

ئوتتۇرا قىسىم دەپ، بوتاننىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم چېگرىنى بولسا، قىسقىچە شەرق قىسىم دەپ ئاتايمىز.

## بىرىنچى مەسىلە: جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسى رەسمىي بەلگىلەنگەنمۇ-يوق

جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسى توغرىسىدا ھازىر بەزى تالاش-تارتىشلار مەۋجۇت، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىككى دۆلەت ئەزەلدىن رەسمىي چېگرا بەلگىلىمىگەن، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى قارىشىدا پەرق بار. ھىندىستان خەرىتىسىدە سىزىلىشىچە، غەرپ قىسىم چېگرا سىزىقى جۇڭگو زېمىنىغا ئىچكىرىلەپ كىرگۈزۈلۈپ، 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق يەر ھىندىستان چېگرىسى ئىچىگە قوشۇۋېلىنغان؛ ئوتتۇرا قىسىم چېگرا سىزىقى جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ سىزىلىشىغا بىر قەدەر يېقىن بولسىمۇ، لېكىن قېدىمدىن جۇڭگوغا قاراشلىق بولۇپ كەلگەن بىر مۇنچە جايلار ھىندىستان چېگرىسى ئىچىگە قوشۇۋېلىنغان؛ شەرق قىسىم چېگرا سىزىقى پۈتۈن سىزىق بويىچە شىمالغا كۆچۈرۈلۈپ، ئەسلىدە جۇڭگوغا قاراشلىق بولۇپ كەلگەن 90 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر يەر ھىندىستان چېگرىسى ئىچىگە قوشۇۋېلىنغان. شۇڭلاشقا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى دوستانە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ بۇ مەسىلىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھازىرقى ھىندىستان خەرىتىلىرىدە كۆرسىتىلگەن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ كۆپ قىسمى خەلقارا كېلىشىمدە مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئومۇمىيۈزلۈك چېگرا سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئاساس يوق، دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، سۆھبەتنىڭ ئۆزى قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، چېگرا تالاش-تارتىشى ئۇزۇن مۇددەتكىچە قېتىپ قېلىش خەۋپىگە چۈشۈپ قالدى.

جۇڭگو ھوكۇمىتى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ كۆپ قىسمى خەلقارا كېلىشىملەردە رەسمىي بەلگىلەنگەن دېگەن سۆزلەرنى فاكتقا تامامەن ئۇيغۇن ئەمەس، دەپ ھېساپلايدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىچە ئىزاھات بېرىدۇ:

(1) غەرىپ قىسىم توغرىسىدا. ھىندىستان ھوكۇمىتى ئۆزى تەشەببۇس قىلىۋاتقان چېگرا سىزىقىنى 1842-يىلى جۇڭگونىڭ شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن كەشمىر دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن بىر شەرتنامىدا بەلگىلەنگەن ئىدى، دەپ قاراۋاتىدۇ.

لېكىن، بىرىنچىدىن، بۇ شەرتنامىدا، پەقەتلا لاداخ بىلەن شىزاڭنىڭ چېگرىسى بۇرۇنقى ھالىتىدە ساقلىنىپ، ھەركىم ئۆزىنىڭكىنى باشقۇرۇۋېرىدىغانلىقى، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقى ئېيتىلغان، ئۇنىڭدا چېگرىنىڭ كونكرېت ئورنى توغرىسىدا زادى ھېچقانداق بەلگىلىمە ياكى بىشارە يوق. نېھرۇ زۇڭلىنىڭ بۇ يىل 9-ئاينىڭ 26-كۈنى جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا ئېۋەتكەن خېتىدە چېگرىنىڭ جايلاشقان ئورنى ئاللىقاچان بەلگىلەنگەن دەپ مىسال كەلتۈرگەن تۈرلۈك دېلىللىرىنىڭ ھېچبىرى ھىندىستان ھوكۇمىتى ھازىر تەشەببۇس قىلىۋاتقان چېگرا سىزىقىنى ئاساسلىق دەپ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

ئىككىنچىدىن، 1842-يىلقى شەرتنامە جۇڭگونىڭ شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن كەشمىر دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن، ۋەھالەنكى، ھازىر ھىندىستان ھوكۇمىتى ئوتتۇرىغا قويۇپ تالاش-تارتىش قىلىۋاتقان جايلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى (تەخمىنەن 80%ى) بۇ شەرتنامىغا قاتناشمىغان جۇڭگو شىنجاڭىغا قاراشلىق. ئەگەر مۇشۇ شەرتنامىغا ئاساسلىنىپ، شىنجاڭنىڭ كەڭ كۆلەملىك يەرلىرى جۇڭگوغا قاراشلىق ئەمەس، لاداخقا قاراشلىق دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ، دەپ قارىلىدىغان بولسا، روشەنكى، بۇ ئېقىلغا

سىغمايدۇ. لاداخ بىلەن كەشمىرنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان چېگرى-
سىنى بەلگىلەش توغرىسىدا 1899 - يىلى ئەنگلىيە هوكۇمىتى تەكلىپ
بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن هېچقانداق نەتىجە چىقمىغان
ئىدى. ئەگەر بىر قېتىملىق بىر تەرەپلىمە تەكلىپ بىلەنلا باشقا
دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش مۇمكىن دەپ قارالسا،
بۇمۇ ئېقىلغا سىغمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو - هىندىستان غەرپ قىسىم چېگرىسىنىڭ
بەلگىلەنمىگەنلىكى توغرىسىدا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان نۇرغۇن
ئىجابىي دەلىللار بار. مەسىلەن: A. 1921 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە
ئەنگلىيە ۋاسىلىقىدىكى هىندىستان هوكۇمىتى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ
يەرلىك دائىرىلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئالاقىلىشىپ، لاداخ بىلەن
شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى بەلگىلەشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن بۇنىڭدىن زادىلا نەتىجە چىقمىغان. بۇنى شۇ چاغدىكى ئىككى
تەرەپ ئوتتۇرىسىدا ئالماشتۇرۇلغان نۇرغۇنلىغان هوججەتلەر بىلەن
ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. شۇ چاغدا هىندىستان تەرەپنىڭ ۋەكىلى بولغان
ئەنگلىيىلىك لوتىيان جۇيېشىمۇ بۇ يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى
لوندوندا چىقىدىغان تايمىس گېزىتىگە يازغان ماقالىسىدا بۇ نۇقتىنى
ئىسپاتلاپ بەردى. B. جۇڭگو هوكۇمىتىنىڭ قولىدىكى هازىرقى
ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، هىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ تاكى
1943 - يىلى نەشر قىلغان هوكۇمەت تەرەپ خەرىتىسىدىمۇ، جۇڭگو -
هىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ قىسمىغا هېچقانداق چېگرا سىزىقى
سىزىلمىغان. 1950 - يىلى هىندىستاننىڭ هوكۇمەت تەرەپ خەرىتى-
سىدە هازىر سىزىلغان چېگرا پەۋقۇلئاددە مۇجمەل ئۇسۇللار بىلەن
ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ چېگرىنىڭ تېخى بەلگىلەنمىگەن-
لىكى يەنىلا يېزىق ئارقىلىق كورسىتىپ قويۇلغان. بەلگىلەنمەي

كەلگەن بۇ بىر قىسىم چېگرا 1954 ـ ژىلدىن باشلاپ تۇيۇقسىزلا بەل ـ گىلەنگەن چېگرىغا ئايلىنىپ قالدى. C. نېھرۇ زۇڭلى بۇ ژىل 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۇنى ھىندىستان خەلق پالاتاسىدا بۇ بىر قىسىم چېگرا ئۇستىدە توختۇلۇپ كېلىپ: «بۇ، كونا كەشمىر شتاتى بىلەن شىنژاڭ ۋە جۇڭگو تۇركىستانىنىڭ چېگرىسى. بۇ چېگرىنى ھېچكىم بەلگىلىگىنى يوق» دەپ جاكالىدى. مانا بۇ فاكتلارنىڭ ھەممىسى بۇ بىر قىسىم چېگرا ئالىلقاچان بەلگىلەنگەن دېگەن سوزلەر بىلەن زادى سىغىشالمايدۇ. ئۇزىچە بۇ بىر قىسىم چېگرا 1842 ـ ژىلى ياكى 1899 ـ ژىلىلا ئېنىق بەلگىلىنىپ بولغان دەپ ھېساپلىغان ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ يەنە كېلىپ قاندىغىسىغا 1921 ـ ژىلىدىن 1927 ـ ژىل ـ غىچە چېگرىنى بەلگىلەش توغرىسىدا سوھبەت ئۇتكۇزۇشنى ئارقا ـ ئارقىدىن تەلەپ قىلغانلىقىنى، قاندىغىسىغا 1943 ـ ژىلى ھېچقانداق چېگرىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى، قاندىغىسىغا 1950 ـ ژىلى تېخى بەلگىلەنمىگەن چېگرىنىڭلا بارلىقىنى جاكالىغانلىـ ـ قىنى، قاندىغىسىغا 1959 ـ ژىلى بۇ چېگرىنى ھېچكىم بەلگىلىگىنى يوق دەپ جاكالىغانلىقىنى ھېچكىمنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

(2) ئوتتۇرا قىسىم توغرىسىدا. ھىندىستان ھوكۇمىتى 1954 ـ ژىل ـ دىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان كېلىشىمىنىڭ 4 ـ ماددىسىدا بۇ رايوندىكى ئالتە تاغ ئېغىزى ئىككى تەرەپ سودىگەرلىرى ۋە ئىبادەت قىلغۇچى ـ لىرىنىڭ قاتناش يولى قىلىپ بەلگىلەنگەنلىكى كورسۇتۇلگەن، بۇ، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ بۇ بىر قىسىم چېگرا توغرىسىدىكى پىكرىگە جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى كورسۇتۇدۇ، دەپ ھېساپلىدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتتىمۇ، لوگىكىدىمۇ ئاساس ـ سىز، دەپ ھېساپلايدۇ.

1954 ـ ژىلدىكى جۇڭگو ـ ھىندىستان كېلىشىمى ھەم بۇ كېلىشىم

توغرىسىدىكى سوھبەت ئىككى دولەت چېگرىسى مەسىلىسىگە زادى تەگمىگەن ئىدى. كېلىشىمنىڭ 4 ـ ماددىسىدىكى جۇڭگو تەرەپ لايىھەسىدە: «جۇڭگو ھوكۇمىتى جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونىنىڭ ئالى رايونىدا توۋەندىكى تاغ ئېغىزلىرىنى ئېچىپ ئىككى تەرەپ سودىگەرلىرى ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلىرىنىڭ كىرىپ ـ چىقىدىغان يېرى قىلىشقا قوشۇلىدۇ» دېيىلگەن. جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ لايىھەسىگە ھىندىستان تەرەپ قوشۇلمىغان، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان لايىھەسىدە: «ھىندىستاندىن ۋە شىزاڭنىڭ غەرب قىسمىدىن كەلگەن سودىگەرلەر، ئىبادەت قىلغۇچىلار توۋەندىكى ئورۇن ۋە تاغ ئېغىز يوللىرى ئارقىلىق ماڭىدۇ» دېيىلگەن. كېيىن ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمىدە: «ئىككى تەرەپ سودىگەرلىرى ۋە ئىبادەت قىلغۇچىلىرى توۋەندىكى تاغ ئېغىزلىرى ۋە يوللار ئارقىلىق بېرىش ـ كېلىش قىلىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ يول قويغانلىقى بۇ تاغ ئېغىزلىرىنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىگە چېتىلمايدىغان سوزلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىنلا ئىبارەت بولدى. ھېچكىم بۇنىڭدىن ئىككى دولەتنىڭ مۇشۇ بىر قىسىم چېگرىسىنى بەلگىلىگەن دەپ خۇلاسە چىقىرالمايدۇ. ئەكسىچە، 1954 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو ۋەكىلى، جۇڭگو تاشقى ئىشلار بۇسىنىڭ مۇبۇجاڭى جاڭ خەنفۇ ھىندىستان ۋەكىلى، ھىندىستان باش ئەلچىسى لەيجياۋېن ئەپەندى بىلەن قىلغان سوھبىتىدە، جۇڭگو تەرەپنىڭ بۇ سوھبەتتە چېگرا مەسىلىسىگە تېگىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئوچۇق ئىزھار قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا باش ئەلچى لەيجياۋېنمۇ بۇنىڭغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. شۇڭا، جۇڭگو ھوكۇمىتى چېگرىنىڭ بۇ قىسمى بەلگىلىنىپ بولغان، سوھبەت ئوتكۈزۈپ بەلگىلەشنىڭ ھاجىتى يوق، دېگەن سوزلەرنى ئاساسسىز دەپ ھېساپلايدۇ.

(3) شەرق قىسىم توغرىسىدا. ھىندىستان ھوكۇمىتى ئاتالمىش مېكماخون سىزىغىنى 1914 ـ ژىلى ئەنگلىيە، جۇڭگو ۋە جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونى بىرلىكتە قاتناشقان سىملا ژىغىنىدا بارلىققا كەلگەن، شۇڭا ئۇ ئىناۋەتلىك، دەپ ھېساپلىدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئاتالمىش مېكماخون سىزىغى تامامەن قانۇنسىز، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ سوزىنى جۇڭگو ھوكۇمىتى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ.

بىرىنچىدىن، پۈتۈن دۇنياغا مەلۇمكى، سىملا شەرتنامىسىنىڭ ئۆزى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەس. سىملا ژىغىنىغا قاتناشقان جۇڭگو ۋەكىلى چېن يىفەن سىملا شەرتنامىسىغا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ بۇيرۇغىغا ئاساسەن، 1914 ـ ژىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ژىغىنغا ئەنگلىيە بىلەن شىزاڭنىڭ شۇ كۈنى ياكى باشقا كۈنى ئىمزالىغانلىقى شەرتنامىسى ياكى شۇ خىل ـ دىكى ھوججەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى جۇڭگو ھوكۇمىتى ئېتىراپ قىل ـ مايدىغانلىقىنى رەسمىي ئۇختۇرغان ئىدى. جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى ليۇ يۈيلىن شۇ ژىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ۋە 7 ـ كۈنى ئەنگلىيە ھوكۇمىتىگە يەنە ئىككى قېتىم رەسمىي جاۋخۇي تاپشۇرۇپ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇختۇرۇش قىلغان ئىدى. شۇندىن كېيىنكى جۇڭگو ھوكۇمەتلىرى بۇ مەيداندا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى جاھانگىرلارنىڭ ئېزىشى ئاستىدا ئىمزا قويغان نۇرغۇن ئىپلاس ۋە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلار ھازىر كۈچتىن قالدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئۆزىگە ئوخشاشلا جاھانگىرلارنىڭ زۇلمى ـ دىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولغان ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دوستى جۇڭگو ھوكۇمىتىگە ئۇ ئىمزامۇ قويمىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىنى ئېتىراپ قىلدۇرماقچى بولغانلىقىدىن تەئەج ـ جۈپلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، ھىندىستان ھوكۇمىتى سىملا ژىغىنىدا ھىندىستان بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا مۇزاكىرە قىلىنغان، جۇڭگو ھوكۇمىتى مەيلى شۇ چاغدا ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، ژىغىندا ھىندىستان بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىنى مۇزاكىرە قىلىشقا قارشى چىقمىغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ژىغىندا بارلىققا كەلگەن ھىندىستان بىلەن شىزاڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېكماخۇن سىزىقى چېگ- رىسى توغرىسىدىكى كېلىشىم جۇڭگوغا نىسبەتەن چەكلەش كۈچىگە ئىگە دەپ تونۇلۇشى لازىم، دەپ ھوكۇم قىلىدى. لېكىن بۇ-سوز باشتىن-ئاياق ئەملىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. ئەملىيەتتە، سىملا ژىغى- نىدا جۇڭگونىڭ باشقا قىسمى بىلەن شىزاڭ رايونىنىڭ ھەم ئاتال- مىش ئىچكى-تاشقى شىزاڭنىڭ چېگرىلىرىلا مۇزاكىرە قىلىنغان، جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ چېگرىسى ھېچقاچان مۇزاكىرە قىلىن- مىغان. جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىنى ئەنگلىيە ۋەكىلى بىلەن شۇ چاغدىكى شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرىنىڭ ۋەكىلى 1914-ژىلى 3-ئاينىڭ 24-كۈنى دېھ- لىدە مەخپىي ھوججەت ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن پەيدا قىلغان، بۇ توغرۇلۇق جۇڭگوغا زادى ئۇختۇرۇش قىلغان ئەمەس، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، سىملا ژىغىنىنىڭ كۈن تەرتىۋىگە زادىلا كىرگۈزۈلمىگەن. سىملا شەرتنامىسىنىڭ قوشۇمچە خەرىتىسىدە كور- سىتۇلگەن قىزىل سىزىقنىڭ بىر قىسمىنىڭ سىزىلىشى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىغا ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن بۇ قىزىل سىزىق شىزاڭ بىلەن جۇڭگونىڭ باشقا قىسمى ئوتتۇرىسىدىكى چېگرا سۈپى- تىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قىزىل سىزىقنىڭ مەلۇم بىر قىسمى جۇڭگو بىلەن ھىندىستاننىڭ ئايرىلىش چېگرىسى دەپ ئىزاھات بېرىلمىگەن. سىملا ژىغىنى ۋە سىملا شەرتنامىسىدا جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا

مەسلىسى دېگەن مەسىلە زادى مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن، ئەلۋەتتە، جۇڭگو ھوكۇمىتى ئۇزىنىڭ بېيۋاڭلۇسىدا ياكى سىملا شەرتنامىسىغا تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى پىكىرنامىسىدا بۇ مەسىلىنى، يابولمىسا مېكماخۇن سىزىقى دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. ھىندىستان ھوكۇمىتى شۇ چاغدا جۇڭگو ھوكۇمىتى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى توغرىسىدا باشقىچە پىكىردە بولغان ئەمەس دەيدۇ، بۇ فاكت جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ مېكماخۇن سىزىقى دېگەن مەسىلىدىن زادى خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنىلا كورسۇتىدۇ، بۇ سىزىق قانۇنى، جۇڭگو ھوكۇمىتى قوشۇلغان دېگەننى ھەرگىز ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن كورۇۋېلىش مۇمكىنكى، ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى سىملا شەرتنامىسىغا قارىغاندا، تېخىمۇ ئىپلاس، تېخىمۇ شەرمەندىلەرسىدۇر، ئۇنى جۇڭگو ھوكۇمىتىگە نىسبەتەن چەكلەش كۇچىگە ئىگە دېيىش، ھەقىقەتەن، ئادەتتىن تاشقىرى غەلىتى ئىشتۇر. جۇڭگو ھوكۇمىتى ھىندىستان ھوكۇمىتىدىن شۇنى سوراپ بېقىشنى خالايدىكى، ھىندىستان ھوكۇمىتى زادى سىملا ژىغىنىنىڭ پۇتۇن خاتىرىسىدىن ژىغىنىنىڭ قايسى كۇنى ياكى شەرتنامىنىڭ قايسى ماددىسىدا جۇڭگو — ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ۋە مېكماخۇن سىزىقى دېگەن مەسىلىنىڭ ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى كورسۇتۇپ بېرەلەمدۇ؟

مۇندىن باشقا، يەنە شۇنىمۇ كورسۇتۇپ ئوتۇش كېرەككى، ئەنگلىيىنىڭ شىزاڭ بىلەن ئوز ئالدىغا مۇستەقىل سوھبەت ئوتكۇزۇش ھوقۇقى يوقلىقىدىن گۇمانلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇنى تەكرار — تەكرار ئۇختۇرۇپ كەلگەن ئىدى، ھەتتا ئەنگلىيە ھوكۇمىتىمۇ ئوزىنىڭ كونا روسسىيە ھوكۇمىتى بىلەن 1907 — ژىلى تۈزگەن شىزاڭ توغرىسىدىكى كېلىشىمگە ئاساسەن قاتتىق چەكلەن-

گەن ئىدىكى، ئۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللىغىنى ئالماي تۇرۇپ شىزاڭ بىلەن ھەر قانداق سۆھبەت ئۆتكۈزەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ شەرتنامە بويىچە ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيىتىگىلا ئاساسلانغاندىمۇ، شۇنداق ھوقۇق چىقىرىش تامامەن مۇمكىنكى، 1914-يىلى ئەنگلىيە ۋەكىلى بىلەن شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ۋەكىلىنىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىدىن يوشۇرۇن ھالدا مەخپىي ئالماشتۇرغان ھۆججەتلىرى ھېچقانداق قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەس.

ئۈچىنچى، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى مېكماخون سىزىقى توغرىسىدا جۇڭگو باشقىچە پىكىردە بولمىغان دېگەن سۆزمۇ فاكتقا ئۇيغۇن ئەمەس. ئاتالمىش مېكماخون سىزىقى جۇڭگونىڭ ياپونغا قارشى ئۇرۇشى ئەڭ قىيىن مەزگىللىرىدىلا، ھىندىستان خەرىتىلىرىدە كەينى-كەينىدىن غەيرىي رەسمىي ھالدا پەيدا بولۇپ قالغان، 1943-يىلدىن كېيىن، شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ چاڭگىلىدا بولۇپ، ئۇنىڭ جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۈندىن-كۈنگە يامانلاشقان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنىڭ ئاتالمىش مېكماخون سىزىقىنىڭ جەنۇبىدىكى جۇڭگو زېمىنىغا پەيدىن-پەي تاجاۋۇز قىلىپ كىرىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ياپونغا قارشى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىنكى 1946-يىلى 7-، 9-، 11-ئايلاردا ۋە 1947-يىلى 1-ئايدا ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا تۆت قېتىم جاۋخۇي تاپشۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرگەن ئىدى؛ ئەنگلىيە مەسئۇلىيەتنى ھىندىستانغا ئىتتىرىپ قويغاندا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى 1947-يىلى 2-ئايدا ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا جاۋخۇي تاپشۇرۇپ قارشىلىق بىلدۈرگەن ئىدى. ھەتتا 1949-يىلى 11-ئاينىڭ 18-

كۇنى، شۇ چاغدا ھىندىستان ھوكۇمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن جياڭ جيېشى گۇرۇھىنىڭ ھىندىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لوجيالۇن ھىندىستان تاشقى ئىشلار بۇسىغا چاقىرىپ تاپشۇرۇپ، ھىندىستان ھوكۇمىتى كۇچكە ئىگە دەپ ھېسابلىغان سىملا شەرتنامىسىنى ئىنكار قىلىغان ئىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىمۇ ھىندىستان ھوكۇمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ بەلگىلەنمىگەنلىكىدىن ئىبارەت فاكتنى تەكرار ئوختۇرۇپ كەلدى. 1954 ـ يىلى نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگونى زىيارەت قىلىغان چاغدا، جۇ ئېنلەي زۇڭلى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ بەلگىلىنىشكە قاراشلىق بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق كورسۇتۇپ ئوتكەن. جۇزۇڭلى يەنە، جۇڭگو خەرىتىلىرىنىڭ كونا خەرىتىلەر ئاساسىدا سىزىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا جۇڭگو ھوكۇمىتى جۇڭگو چېگرىسىنى تېخى تەكشۇرۇپ چىقمىغانلىقى، شۇنىڭدەك ئالاقىدار دولەتلەر بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، چېگرىنىڭ سىزىلىشىنى ئوز ئالدىغا ئوزگەرتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئوتكەن ئىدى. بۇ نۇقتە 1958 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۇنى جۇڭگو تاشقى ئىشلار بۇسىنىڭ ھىندىستاننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا تاپشۇرغان بېيۋاكلۇسىدىمۇ تەكرار بايان قىلىنغان ئىدى. مۇندىن باشقا، شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرىمۇ سۇيىقەستلىك ھىلە ـ مىكىرلەر بىلەن تۇزۇلگەن ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىنى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئەمەس، ئۇلار، بۇ سىزىقا نىسبەتەن ئوزلىرىنىڭ باشقىچە پىكىردە ئىكەنلىكىنى تەكرار بىلدۇرۇپ، سىزىق جەنۇبىدىكى ئىشغال قىلىنغان جۇڭگو زىمىنىنىڭ قايتۇرۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىغان ئىدى. بۇ فاكتنى ھىندىستان ھوكۇمىتىمۇ ئىنكار قىلالمايدۇ.

تورتىنچى، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئاتالمىش مېكما-
خۇن سىزىقىنى يالغۇز جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن ئېتىراپ قىلمايلا
قالماستىن، بەلكى ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىمۇ
ئۇنى كۆچىكە ئىگە دېيىشكە ئۆزئۆنىدىن بويان گۇمانلىنىپ كەلدى.
ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ 1938 ـ يىلى نەشر قىلغان«شىزاڭ
ۋە خوشنا دۆلەتلەر»دېگەن ھۆكۈمەت خەرىتىسىدە ۋە ئەنگلىيە خان
سارىيىنىڭ خەرىتە سىزغۇچىسى جون بارتولو تەرىپىدىن 1940 ـ يىلى
سىزىلغان نيۇجىن ئالىي دەرىجىلىك خەرىتىلەر توپلىمىنىڭ ئالتىن-
چى نەشرىدىكى «ھىندىستان» خەرىتىسىدىمۇ ئاتالمىش مېكماخۇن
سىزىقى قوللىنىلمىغان. نېھرۇ زۇڭلىنىڭ ئۆزى يازغان، 1946 ـ يىلى
نەشر قىلىنغان ۋە 1951 ـ يىلى 3 ـ قېتىم نەشر قىلىنغان «ھىندىستان-
نىڭ تېپىلىشى» (ئىنگلىزتىلىدا) دېگەن كىتابقا قوشۇلغان «1945 ـ يىل-
دىكى ھىندىستان» دېگەن خەرىتىدىمۇ جۇڭگو ـ ھىندىستاننىڭ شەرق
قىسىم چېگرىسى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى بويىچە سىزىلغان
ئەمەس. ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ 1950 ـ ، 1951 ـ ۋە1952 ـ
يىللىرى نەشر قىلغان ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پۈتۈن ھىندىستان خە-
رىتىلىرىدە ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى سىزىلغان بولسىمۇ، يەنىلا
بەلگىلەنمىگەن چېگرىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە قويۇلغان، 1958 ـ يىلغا
كەلگەندە ئەنگلىيە خان سارىيىنىڭ خەرىتە سىزغۇچىسى جون بار-
تولو سىزغان تايمىس دۇنيا خەرىتىسى توپلىمىدىكى «جۇڭگونىڭ
غەرپ قىسمى ۋە شىزاڭ»دېگەن خەرىتىدىمۇ جۇڭگو ـ ھىندىستاننىڭ
ئەنئەنىۋى چېگرىسى ۋە ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى كۆرسىتىل-
گەن، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى سىزىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا «تالاشتا قالغان
جاي»دەپ يېزىق ئارقىلىق ئەسكەرتمە بېرىلگەن. مانا بۇ ئىناۋەتلىك
فاكتلار ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىسىم چېگرا بەلگىلىنىپ بولغان

دېگەن سوزلىرىنى بىۋاستە رەت قىلىۋەتتى. ھىندىستان ھوكۇمىتى ئوزىنى ئاقلاپ ئەنگلىيە ھوكۇمىتىنىڭ سىملا شەرتنامىسىنى ئېلان قىلىشنى كېچىكتۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ئىچكى شىزاڭنىڭ ئورنى ۋە چېگرىسى ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىشنى ئۈمىت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت دەپ دەۋا قىلىدۇ. بۇ سوز، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇۋېلىشىغا ياردەم بېرەلمىگەنىنىڭ ئۈستىگە، ژۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، ھىندىستان ھوكۇمىتىگە يەنە يېڭى قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ قويىدۇ. سىملا شەرتنامىسى توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنمىغانلىقىنى ئەنگلىيە ھوكۇمىتىمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىكەن، ئۇ چاغدا بۇ شەرتنامىنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بولىسۇن؟ شەرتنامىنىڭ ئوزىمۇ كۈچكە ئىگە بولمىغان يەردە، ئەنگلىيە تەرەپنىڭ بۇ شەرتنامىغا بىر ماددە قىلىپ بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئوغۇرلۇقچە كىرگۈزۈپ قويغان، ھىچقاچان جۇڭگو ھوكۇمىتىگە ئېيتىلمىغان ئاتالمىش جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا سىزىقى قانداق قىلىپ كۈچكە ئىگە بولىسۇن؟ ئەمەلىيەتتە، ھىندىستاندا خىزمەت قىلغان ئەنگلىيىنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىرى ھەرگىز جۇڭگوپەرەست بولمىسىمۇ، لېكىن مېكماخۇن سىزىقىنىڭ قانۇندا ئىز باسالمايدىغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. مەسىلەن، 1939-ژىلى ھىندىستاننىڭ ئاسسام شتاتىدا ۋاختىلىق ۋالى بولۇپ ئىشلىگەن ھېنرى تۋېنام بۇ ژىل 9-ئاينىڭ 2-كۈنى لوندوندا چىقىدىغان تايمس گېزىتىگە يازغان ماقالىسىدا بۇ سىزىق «مەۋجۇت ئەمەس، ھەتتا ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان» دەپ گۇۋالىق بەردى.

ژۇقۇرىدىكىلەرنى ژىغىپ شۇنداق تەۋرەنمەس خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدىكى، پۈتۈن جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسى، مەيلى چېگرىنىڭ غەرپ قىسمى، ئوتتۇرا قىسمى ۋە شەرق قىسمى بولسۇن، بۇلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

ھەممىسى بەلگىلەنمىگەن. ھىندىستان ھوكۇمىتى ئاساس قىلغان 1842 ـ يىلدىكى شەرتنامىدا جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرب قىسمىدا ھېچقانداق چېگرا بەلگىلەنمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چېگرا بىلەن زور مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى بۇ شەرتنامىنىڭ قاتناشچىسى ئەمەس. ھىندىستان ھوكۇمىتى ئاساس قىلغان 1954 ـ يىلدىكى كېلىشىمدە جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرا قىسىم چېگرىسى ياكى باشقا قىسمىنىڭ چېگرىسى چېتىلمىغان. ھىندىستان ھوكۇمىتى ئاساس قىلغان 1914 ـ يىلدىكى شەرتنامىنىڭ ئۆزى قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەس، شۇنىڭدەك 1914 ـ يىلى ئېچىلغان يىغىندىمۇ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى زادى مۇزاكىرە قىلىنمىغان. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ بەلگىلىنىشكە قاراشلىق بولۇپ تۇرغانلىقىنى ھىندىستان ھوكۇمىتى ۋە ئەنگلىيە ھوكۇمىتى ئۆز ۋۇندىن بۇيان ئېتىراپ قىلىپ كەلمەكتە، بۇ ھەقتە شۇبھىلىنىشكە بولمايدىغان تولۇق دېلىل ـ فاكتلار بار. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ئىككى تەرەپ قانائەتلەنگىدەك مۇۋاپىق ھەل قىلىش ئۈچۈن دوستانە سوھبەت ئۆتكۈزۈشتىن باشقا ھېچقانداق يول يوق.

## ئىككىنچى مەسىلە: جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىدىسىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقلىرى نەدە

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى رەسمىي بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلا تەرەپ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىككى تەرەپنىڭ تارىختىن بۇيان باشقۇرۇپ كەلگەن يېرىگىچە شەكىللەنگەن چېگرا سىزىقىدۇر. ھازىرقى مەسىلە ــ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقلىرىنىڭ ئورنى ئۈستىدە ئىككى تەرەپنىڭ تونۇشىدا ناھايىتى زور ئوخشىماسلىقنىڭ بارلىقىدىن

ئىبارەت. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۆز خەرىتىلىرىدە چېگرىنى (ئاساسەن شەرق ۋە غەرپ قىسمىنى) بۇرۇنقى ئەمەلىي باشقۇرۇش دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ سىزىۋېلىپ، ئۇنىڭغا خەلقارا شەرتنامىلار ئاساس بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقى دەپ ھۆكۈم قىلدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستاننىڭ ھازىرقى خەرىتىلىرىدە جۇڭگو خەرىتىلىرىدىن خېلى پەرقلىق ھالدا سىزىلغان جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ سىزىقلىرى يالغۇز ژۇقۇرىدا ئېيتىلغاندەك، خەلقارا شەرتنامە ئاساسىغا ئىگە بولماي‌لا قالماستىن، ئەنئەنىۋى ئادەت ئاساسىغىمۇ ئىگە ئەمەس، دەپ ھېساپلايدۇ.

(1) غەرپ قىسىم توغرىسىدا. ھازىر ھىندىستان تەرەپ تالىشىۋاتقان 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئوشۇق كەڭلىكتىكى جايلار ئەزەلدىنلا جۇڭگوغا تەۋە بولۇپ كەلگەن. بۇ جۇڭگونىڭ ھۆكۈمەت تەرەپ ھۆججەتلىرىدە ۋە خاتىرىلىرىدە ئېنىق ئىسپاتلانغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ناھايىتى كىچىك بولغان بالجاس رايونىنى يېقىنقى بىر قانچە ژىل ئىچىدە ھىندىستان ئىشغال قىلىۋالغاندىن باشقا، قالغان كەڭ كۆلەملىك جايلار باشتىن-ئاياق جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىشىدا بولۇپ كەلدى. بۇ جايلارنىڭ كۆپ قىسمى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاۋتونوم رايونى خوتەن ناھىيىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ، ئاز قىسمى جۇڭگونىڭ شىزاڭ ئاۋتونوم رايونىنىڭ رۇتوزۇڭ دېگەن يېرىگە تەۋە. بۇ جايلارگەرچە ئادەم شالاڭ جايلار بولسىمۇ، لېكىن تارىختىن بۇيان شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇپ چېگرىسىدىكى ئۇيغۇر ۋە قىرغىز مىللەتلىرى، شۇنىڭدەك شىزاڭنىڭ غەربىي شىمال چېگرىسىدىكى بىر قىسىم زاڭزۇ ئاھالىلىرى مال بېقىپ ۋە تۇز كولاپ كەلگەن جايلاردۇر.

بۇ يەردىكى بىر مۇنچە جايلار ئۇيغۇرتىلى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، شىنجاڭ خوتەن ناھىيىسىگە قاراشلىق ئاقسايچىن ئۇيغۇر تىلىدا «ئاقساي»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ جايلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان دەريا ئۇيغۇر تىلىدا «قارا قاش دەرياسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ جاي شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنىڭ غەرپ قىسمىنى تۇتاشتۇرۇدىغان بىردىن ـ بىر قاتناش تومۇرىدۇر، چۈنكى بۇ جاينىڭ شەرقىي شىمالى شىنجاڭدىكى كەڭ گوبىدۇر، ئۇ يەردە شىزاڭ بىلەن بىۋاستە قاتناشنىڭ بولۇشى زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ئېتىۋارەن، جۇڭگونىڭ چىڭ سۇلالىسى ھوكۇمىتى بۇ يەردە كالۇن (چازا) قۇرۇپ، ئوز تەۋەسىدە چارلاش ئىشلىرىنى ژۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. جۇڭخۇا مىڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاكى جۇڭگو ئازات قىلىنغىچە ئوتكەن بىر قانچە 10 ژىل داۋامىدىمۇ بۇ جايلاردا دائىم ھەربىي قىسىملار مۇداپىە ژۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. 1949 ـ ژىلى شىنجاڭ ئازات قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنىڭ قولىدىن بۇ جايلارنىڭ چېگرا مۇداپىسىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1950 ـ ژىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگو ھوكۇمىتى مۇشۇ جاي ئارقىلىق جۇڭگو خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىنىڭ شىزاڭغا كىرىدىغان بىرىنچى تۈركۈمدىكى قىسىملىرىنى ئېۋەتتى. توققۇز ژىلدىن بۇيان، ئالى رايونىدا تۇرۇشلۇق جۇڭگو قىسىملىرى مۇشۇ جايدىن شىنجاڭغا دائىم، كوپلەپ قاتناپ، شىنجاڭدىن كەم بولسا بولمايدىغان تەمىناتلىرىنى ئېلىپ تۇرماقتا. 1956 ـ ژىلى 3 ـ ئايدىن 1957 ـ ژىلى 10 ـ ئايغىچە جۇڭگو ھوكۇمىتى ئادەتتىكى يولنى بويلاپ، شىنجاڭنىڭ قاغىلىق ناھىيىسىدىن شىزاڭنىڭ گاداڭ رايونىغىچە، ئۇزۇنلىقى 1200 كىلومېتىر كېلىدىغان تاش يول ياسىدى، ، بۇ تاش يولنىڭ 180 كىلومېتىر قىسمى مۇشۇ جايدىن

ئۇتتۇدۇ، تاش يول قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان خەلق ئىشچىلىرى 3000 كىشىدىن ئاشىدۇ.

بۇ تەۋرەنمەس فاكتلار بۇ جاينىڭ جۇڭگو زېمىنى ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىشكە كىپايە قىلىشى لازىم ئىدى.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ جاينىڭ «ھىندىستان بىلەن 2000 يىلدىن كۆپرەك مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىۋى مۇناسىۋىتى بار، ھەتتا بۇ رايون ھىندىستاننىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدېئولوگىيىسى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك بىر قىسمى بولۇپ قالدى» دەيدۇ. لېكىن، بىرىنچى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ دېلىلىنى قۇۋۋەتلەشتە ھېچقانداق كونكرېت فاكت كۆرسەتكىنى يوق. ئۇنىڭ ئەكسىچە، نېھرۇ زۇڭلى بۇ يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى ھىندىستان ئىتتىپاق پالاتاسىدا بۇ جاي «باشتىن-ئاياق ھېچقانداق باشقۇرۇشتا بولمىدى» دېدى. ئۇ، بۇ يىل 11-ئاينىڭ 23-كۈنى يەنە ھىندىستان ئىتتىپاق پالاتاسىدا «مېنىڭ بىلىشىمچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، بۇ جايدا بىرەر كىشىمۇ ئولتۇراقلاشمىغان، شۇنىڭدەك ھەر قانداق ئالدىنقى قاراۋۇللارمۇ بولغان ئەمەس» دېدى. نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق توغرى ھۆكۈم چىقىرىشقا چارىسىز قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆزى ھىندىستاننىڭ بۇ جاينى ھېچقاچان باشقۇرۇپ باقمىغانلىقىنى ھەقىقەتەن ئىناۋەتلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بەردى.

ئىككىنچى، ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ جايغا باشتىن-ئاياق بەلگىلىك مۇددەتتە چارلىغۇچىلار ئەۋەتىپ تۇردۇق، بۇ ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى دېدى، لېكىن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا ئاساسەن، ھىندىس-

تان قۇراللىق خادىملىرى پەقەت 1958 ــ يىلى 9 ــ ئايدا، 1959 ــ يىلى 7 ــ ئايدا ۋە 1959 ــ يىلى 10 ــ ئايدا بۇ جايغا ئۈچ قېتىم بېسىپ كىرىپ، تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چېغىدا، جۇڭگونىڭ چېگرا مۇداپىيە قىسىملىرى ئۇلارنى شۇ ھامان تۇتۇۋالغان ۋە چېگرىدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدى. مۇندىن باشقا، ئۇلار بۇ جايغا قايتا كېلىپ باققىنى يوق. دەل شۇنداق بولغاچقا، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو خادىملىرىنىڭ بۇ جايدا ئۇزۇندىن بۇيان ژۇرگۈزۈپ كېلىۋاتقان پائالىيەتلىرىدىن قىلچەخەۋىرى يوق، شۇڭلاشقا، ئۇ جۇڭگو خادىملىرى 1957 ــ يىلىدىن ئېتىۋارەنلا بۇ جايغا كىرگەن دېمەكتە.

ئۈچىنچى، ھىندىستان ھوكۇمىتى بىر قانچە خەرىتىنى كورسۈتۈپ، ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇدۇ. لېكىن بۇ جەھەتتىكى ئەھۋال ھىندىستاننىڭ مۇلاھىزىسى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئەمەس. جۇڭگودا يېقىنقى بىر ــ ئىككى يۈز يىل ئىچىدە نەشر قىلىنغان خەرىتىلەردە غەرپ قىسمىدىكى چېگرىنىڭ سىزىلىشىدا بەزى جايلاردا ئاز ــ تولا پەرق بولسىمۇ، لېكىن ئاساسەن باشتىن ــ ئاياق بىردەك بولۇپ كەلدى. ھىندىستان ھوكۇمىتى 1893 ــ يىلى نەشر قىلىنغان جۇڭگو ھوكۇمەت دائىرىلىرى خەرىتىسىدە شەرق قىسمىدىكى چېگرىنىڭ سىزىلىشى ھىندىستاننىڭ خەرىتىسگە يېقىن، دەيدۇ. جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ يەردە كورسۈتۈلگەن خەرىتىنىڭ قانداق خەرىتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشكىمۇ چارىسىز. ئىنگلىزلار باشقۇرغان «زىلىنشىباۋ» گېزىتى 1917 ــ يىلى نەشر قىلغان خەرىتىلەر توپلىمىغا كەلسەك، ئۇ، ئەنگلىيىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭگونىڭ كوز قارىشىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇ يەردە بۇ توغرۇلۇق مۇھاكىمە ژۇرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۇنىڭ ئەكسىچە، بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاختتىن بۇيان، ئەنگلىيە بىلەن ھىندىستاننىڭ خەرىتىلىرىدىكى سىزىقلاردا ناھايىتى زور قارىمۇ-قارشىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەنگلىيە كەشمىرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۇنى بازە قىلىپ تۇرۇپ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا ۋە شىزاڭنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا تاجاۋۇز قىلىشقا پائال ئۇرۇنغان ئىدى. شۇڭا ئۇ، غەرپ قىسمىدىكى چېگرىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆز ئالدىغا ئۆزگەرتىپ كەلگەن ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلچەش دۆيلىرىنى ئەۋەتىپ، جۇڭگوغا بېسىپ كىرگەن ئىدى. نېھرۇ زۇڭلى 1865-ژىلى ئۆلچەش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنلا «توغرى»، يەنى ھىندىستاننىڭ ھازىرقى خەرىتىلىرىدىكە مۇۋاپىق خەرىتىلەرنى سىزىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى، دەيدۇ. لېكىن مۇشۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بەزى ئاتاغلىق ئۆلچەش خادىملىرى ھېلىمۇ فاكتلارنى مەيلىچە بۇرمىلاشنى خالىمايدۇ، مەسىلەن، 1870-ژىلى ھەيۋارد تۈزۈپ چىققان «شەرقىي تۈركىستان ئاددى خەرىتىسى» ۋە 1871-ژىلى روبېرت شاۋ تۈزۈپ چىققان «ھىندىستاننىڭ شىمالدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئاددى خەرىتىسى» نىڭ سىزىلىشى — بۇ ئىككى ئۆلچىگۈچى نېھرۇ زۇڭلىنىڭ 9-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى خېتىدە ئېغىزغا ئېلىنغان ئىدى — جۇڭگو خەرىتىسىدىكى ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىغا يېقىنلىشىدۇ. ھەيۋاردنىڭ 1870-ژىلى ئەنگلىيە خان سارىيى جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 40-سانىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىسىدا چېگرىنىڭ قارا قورۇم تېغىنىڭ ئاساسىي تىزمىلىرىنى بويلاپ، چياڭچېنمو تاغ ئېغىزلىرىغا بارىدىغانلىقى ئېنىق چۈشەندۈرۈلگەن. بۇ، چېگرىنىڭ مۇشۇ قىسمى ھىندىستاننىڭ ھازىرقى خەرىتىسىدە ئەمەس، جۇڭگو خەرىتىسىدە توغرى سىزىلغان

www.uyghurkitap.com

دېگەن سوزدۇر. ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە نەرسە شۇكى، ھىندىستان ئولچەش ئىدارىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ھوكۇمەت دائىرىلىرى خەرىتىسىنىڭ تاكى 1943 ـ ژىلىدىكى نەشرىدە چېگرىنىڭ مۇشۇ قىسمى توغرىسىدا ھەر قانداق «توغرى» چېگرا سىزىقى سىزىلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا پەقەت ھېچقانداق چېگرا سىزىقىمۇ سىزىلمىغان. بۇ خەرىتىنىڭ 1950 ـ ژىلدىكى نەشرىدە ھىندىستان تەرەپ مۇنازىرىگە قويغان رايونغا كەشمىرگە ئوخشاش رەڭ بېرىلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ھېچقانداق چېگرا سىزىقى كورسۇتۇلمىگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «چېگرا بەلگىلەنمىدى» دەپ ئەسكەرتىش بېرىلگەن. بۇ فاكتنى ژۇقۇرىدا كورسۇتۇپ ئوتتۇق.

تورتىنچى، ھىندىستان ھوكۇمىتى ئوزى تەشەببۇس قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى روشەن جۇغراپىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ئۇنىڭدا سۇ بولگۇچ ئاساس قىلىنغان دەيدۇ. لېكىن بىرىنچىدىن، سۇ بولگۇچ پرىنسىپى خەلقارا چېگرا سىزىقىنىڭ بىردىن ـ بىر ياكى ئاساسىي پرىنسىپى ئەمەس. بولۇپمۇ سۇ بولگۇچنى بانا قىلىپ، باشقا ئەللەر چېگرىسى ئىچىدىن چېگرا سىزىقى ئىزدەشكە يول قويۇلمايدۇ. ئىككىنچىدىن، ھىندىستان ھوكۇمىتى تەشەببۇس قىلغان ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىدا ھىند دەرياسى سۇ سىستېمىسى بىلەن خوتەن دەرياسىنىڭ سۇ سىستېمىسى ئايرىلمايلا قالماستىن، بەلكى دەل خوتەن دەرياسىنىڭ سۇ سىستېمىسى كېسىپ تاشلانغان. ئەكسىچە، جۇڭگو خەرىتىلىرىدە سىزىلغان ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقلىرىلا بۇ جاينىڭ جۇغراپىي ئالاھىدىلىگىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بەردى. يەنى: بۇ جاينىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي يانتۇلىقى ئانچە چوڭ ئەمەس، قاتناش ئاسان، شۇڭلاشقا تەبىي ھالدا شىنجاڭ بىلەن شىزاڭنىڭ غەرپ قىسمىنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇدىغان بىردىن ـ بىر يول بولۇپ قال ـ

www.uyghurkitap.com

غان. لېكىن غەرپكە قاراپ ماڭغاندا ئۇنىڭ بىلەن لاداخ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇرغان ئاسمان پەلەك قاراقۇرۇم تاغ تىزمىلىرى بولۇپ، ئۇ يەردە قاتناش ناھايىتى قىيىن، ھىندىستان ھوكۇمىتىمۇ لاداختىن بۇ جايغا كىرىشنىڭ ئىنتايىن قىيىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن كورۇلۇدىكى، مەيلى ئۈزۈندىن بۇيانقى ئەسلى، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئەھۋالىدىن قارايلۇق، ياكى ھىندىستان ئوتتۇرىغا قويغان خەرىتە ۋە جۇغراپىي ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارايلۇق، ھىندىستان تەشەببۇس قىلغان غەرپ قىسمىدىكى چېگرىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقى ئاساسقا ئىگە ئەمەس، جۇڭگو تەشەببۇس قىلغان ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىلا ھەقىقىي ئاساسقا ئىگە.

(2) ئوتتۇرا قىسىم توغرىسىدا. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقىغا بولغان تونۇشىنىڭ بىردەك بولمىغانلىقى ئارقىسىدا بىر-بىرىپ تاقالغان تالاشتىكى جايلار، يەنى جۇيىۋا، چۇيىرىي، شىبۇچى تاغ ئېغىزى، ساڭ، سۇڭشا، بولىنسەندو، ۋۇرىي، شىپاڭجا ۋە لابۇدىلار جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋىي زېمىنىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ساڭ ۋە سۇڭشانى بۇرۇنراق ئەنگلىيە بېسىۋالغاندىن تاشقىرى، قالغانلىرىنى 1954 - يىلى جۇڭگو - ھىندىستان كېلىشىمىدىن كېيىنلا ھىندىستان بېسىۋالغان ياكى ئۇ يەرلەرگە بېسىپ كىرگەن.

شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان بۇ جايلارنىڭ بېكىتىپ بېرىلگەنلىكىگە دائىر ھوججەتلەر ياكى يەر خەتلىرىنى ھازىرغا قەدەر ساقلاپ كەلمەكتە. مەسىلەن، 18 - ئەسىردە دالاي لاما VII نامىدىن تارقىتىلغان بىر يارلىقتىمۇ ۋۇرىي شىزاڭنىڭ دابازۇڭ دائىرىسى ئىچىدە ئىكەنلىكى ئېنىق يېزىلغان. مۇندىن باشقا، شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرى ئۈزۈندىن بۇيان مۇشۇ جايلاردىن تۈرلۈك باج - سېلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. بەزى جايلارنىڭ نوپۇس

دەپتەرلىرى ۋە باج دەپتەرلىرىمۇ تا هازىرغا قەدەر ئوبدان ساقلىنىپ كەلمەكتە.

ئۇزۇندىن بۇيان، بۇ جايلاردا ياشاپ كەلگەن ئاھالىنىڭ ھەممىسى دېگىدەك جۇڭگونىڭ زاڭزۇ مىللىتىدۇر. ئۇلار ياشاپ كەلگەن جايلارنى باشقىلار بېسىۋالغان بولسىمۇ، ئۇلار ئۇز ۋەتىنىدىن ئايرىلىشنى خالىمايدۇ. مەسىلەن، ساڭ ۋە سۇڭشانى ئەنگلىيە بېسىۋالغاندىن كېيىن، بۇ جايلاردىكى خەلقلەر ئۇزلىرىنى يەنىلا جۇڭگونىڭ پۇخراسى دەپ بىلىپ كەلگەن ھەم شىزاڭ يەرلىك دائىرىلىرىگە جۇڭگونىڭ شىزاڭ يەرلىك ھوكۇمىتىگە سادىق بولۇپ قېلىشقا كاپالەت بېرىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئوختۇرۇپ كەلگەن.

شۇنى ئالاھىدە كورسۇتۇپ ئوتۇش كېرەككى، ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغان جايلارنىڭ ئىچىدىكى بولىنسەندو 1954 ـ ژىلى ئىمزالانغان جۇڭگو ـ ھىندىستان كېلىشىمىنىڭ 2 ـ ماددە 2 ـ تارمىقىدا جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ماقۇل كورۇشى بىلەن شىزاڭ ئالى رايونىدا ئېچىلغان 10 سودا بازىرىنىڭ بىرى قىلىپ بەلگىلەنگەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا توققۇز بازارمۇ ھىندىستان ھوكۇمەت ۋەكىلى، ھىندىستان باش ئەلچىسى لەيجياۋېن ئەپەندىنىڭ سوھبەتنىڭ بىرىنچى مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەلىۋى بىلەن ئېچىلغان ئىدى. ئەمما بولىنسەندونى 1954 ـ ژىلى كېلىشىم ئىمزالىنىپ ئۇزۇن ئوتمەيلا ھىندىستان بېسىۋالدى.

ھىندىستان ھوكۇمىتى ژۇقۇرقى جايلار ئەزەلدىنلا بىزنىڭ باشقۇرۇشىمىزدا بولۇپ كەلدى، دەيدۇ. لېكىن نېھرۇ زۇڭلىنىڭ بۇ ژىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنىدىكى خېتىگە قوشۇمچە قىلىنغان ئىزاھاتىدا ساڭ ۋە سۇڭشا رايونلىرى توغرىسىدا بەزى زورمۇ ـ زور دېلىللار ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن تاشقىرى، باشقا يەتتە جاي توغرىسىدا ئۇزۇندىن بۇيان

ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق كونكرېت فاكتلار كۆرسۈتۈلمىگەن.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا قويغان سۇ بولگۈچ پرىنسىپى ئىككى تەرەپنىڭ ئەمىلىي باشقۇرۇش ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولمىغاچقا، بۇ يەردىمۇ قوللۇنۇشقا مۇۋاپىق ئەمەس.

ھەر ئىككى تەرەپنىڭ خەرىتىسىدىكى ئەھۋالمۇ ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىغا ئەمەل قىلىۋاتقان ھىندىستان بولماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇرۇن جۇڭگودا نەشر قىلىنغان خەرىتىلەر بۇ بىر قىسىم چېگرىنى سىزىشتا ئايرىم ناھايىتى ئاز ساندىكى جۇڭگو زېمىنىنى جۇڭگو چېگرا سىزىقىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن توغرى ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى ئاساسەن ئەكس ئەتتۈرگەن. ھىندىستانىنىڭ ھۆكۈمەت خەرىتىلىرىمۇ بۇ بىر قىسىم چېگرا سىزىقىنى 1950 ـ ژىلغىچە سىزماي، پەقەت «چېگرا بەلگىلەنمىدى» دېگەن ئەسكەرتىشنىلا بېرىپ كەلگەن ئىدى.

(3) شەرق قىسىم توغرىسىدا. ئاتالمىش مېكماخون سىزىقىدىن ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگىچە جۇڭگو خەرىتىلىرىدە كۆرسۈتۈلگەن چېگرا سىزىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جايلار ئەزەلدىن جۇڭگوغا تەۋە ئىدى ھەمدە يېقىنقىچە بۇ يەرلەرنى جۇڭگو باشقۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇنى نۇرغۇن فاكتلار بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

جۇڭگونىڭ شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتى مېنيۈي، لويۈي، ئاستىن چايۈيدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان بۇ رايوندا 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ژۈرگۈزۈپ كەلگەن ئىدى. مېنيۈي رايونىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، 17 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دالاي لاما V شىزاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆز شاگىرتى مىرا لاما بىلەن سونانىڭ



www.uyghurkitap.com

ئاقساقاللى ناملكاجۇجانى ئېۋەتىپ مېنيۇي رايونىدا ئۆز ھوكۇمرانلى-
غىنى ئورناتقان. 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە شىزاڭ يەرلىك
ھوكۇمىتى پۈتۈن مېنيۇينى بىرلىككە كەلتۈردى، پۈتۈن رايوننى
ئارقا - ئارقىدىن 32 «سو» غا ئايرىدى (ئايرىم جايلاردا «دىڭ»
دەپ ئاتالدى). مېنيۇينىڭ مەركىزى داۋاڭدا «داۋاڭ شىجې» دەپ
ئاتالغان مەمۇرىي باشقۇرۇش ھەيئىتى ۋە «داۋاڭجۇجې» دەپ ئاتال-
غان بىر دەرىجە ژۇقۇرى دائىمىي بولمىغان مەمۇرىي كېڭەش
قۇرۇپ، پۈتۈن رايوننىڭ ئىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. شىزاڭ يەر-
لىك ھوكۇمىتى ئەزەلدىنلا مېنيۇيدىكى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي
ئورگانلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ، پۈتۈن رايوننىڭ ھەممە جايلىرىدا
ھەر خىل باج - سېلىق (ئاساسەن ئاشلىق بېجى، ژىلدا ئىككى قېتىم)
ژىغدى ۋە ئۆزىنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقىنى ژۈرگۈزدى. شىزاڭ ھەر
قېتىم نوپۇس تەكشۈرۈشتىمۇ مېنيۇينى سىرتتا قالدۇرماستىن ھېساپقا
كىرگۈزدى. بۇ يەردە ياشايدىغان مىللەت مومبا مىللىتى بولۇپ،
دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش جەھەتلىرىدە زاڭزۇ مىللى-
تىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇلار لاما دىنىغا ئېتىقات
قىلىدۇ، ئومۇميۈزلۈك زاڭزۇ يېزىغىنى قوللىنىدۇ ۋە شىزاڭ پۇلىنى
ئىشلىتىدۇ. دالاي لاما VI ساڭياگجاسو ئەنە شۇ مېنيۇي رايونىدا
تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقىچە شىزاڭ يەرلىك
ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان يارلىقنامە ئېلىپ كەلگەن.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەتتا ئاتالمىش
مېكماخون سىزىغى سىزىلغان ۋە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنمۇ، شىزاڭ
يەرلىك ھوكۇمىتى بۇ رايوندا ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كەڭ
تۈردە ۋە ئۈزۈنغىچە داۋاملىق ژۈرگۈزۈپ كەلدى. مەسىلەن، شىزاڭ-
نىڭ مېنيۇيدىكى مەمۇرىي ئىدارىلىرى تاكى 1951 - ژىلغىچە خېلى

مۇكەممەل هالدا ساقلىنىپ كەلدى. لويۇي ۋە ئاستىن چايۇيلەردە «سو»، «دىڭ» ناملىق مەمۇرىي ئورگانلار تاكى 1946 ـ ژىلغىچە خېلى كەڭ تۇردە ساقلىنىپ كەلدى، شۇنىڭدەك لاسا دائىرىلىرىگە تۇرلۇك باج ۋە ئالۋاڭ ـ ياساق تولەپ، هاشا بېرىپ كەلدى.

شۇڭا هىندىستان هوكۇمىتىنىڭ «شىزاڭ دائىرىلىرى بۇ جايدا ئېچقاچان ئوزىنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقىنى ژۇرگۇزگەن ئەمەس»، بۇ يەردىكى «قەبىلىلەر شىزاڭنىڭ مەدەنىي، سىياسىي ياكى باشقا جەمئەتلەردىكى تەسىرىگە قىلچە ئۇچرىمىغان» دېگەنگە ئوخشاش سوزلىرىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ.

هىندىستان هوكۇمىتى بۇ جايدا ئەزەلدىن تارتىپ ئوزىمىزنىڭ باشقۇرۇش هوقۇقىنى ژۇرگۇزۇپ كەلمەكتىمىز دەيدۇ. لېكىن نېهرۇ زۇڭلىنىڭ ئوز سوزىگە ئاساسلانغاندا، هىندىستاننىڭ مەمۇرىي باش- قۇرۇشى «پەيدىن ـ پەي كىرگەن»، 1914 ـ ژىل ئالدى ـ كەينىگىچە «ئومۇمەن بۇ قەبىلىلەرنىڭ ئوزىگە غەمخورلۇق قىلىشقا ئازدۇر ـ كوپتۇر يول قويۇلغان»، پەقەت «ئەنگلىيىنىڭ سىياسىي ئەمەلدار- لىرى بۇ يەرلەرگە كېلىپ باققان ئىدى». خوش، بۇ يەرلەرگە كەلگەن ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى نىمە دېدى؟ نېهرۇ زۇڭلى ئوزىنىڭ بۇ ژىل 9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى يازغان خېتىدە كورسەتكەن بەيلى شاڭۋېي ــ ئەنگلىيە ۋاسىلىغىدىكى هىندىستان هوكۇمىتى تەرىپىدىن ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىغىنى بەلگىلەش ئۇچۇن 1913 ـ ژىلى شىزاڭنىڭ شەرقىي جەنۇپ قىسمىغا ئېۋەتىلىپ مەخسۇس قانۇنسىز چارلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان كىشى ــ ئوزىنىڭ 1957 ـ ژىلى نەشر قىلىنغان «شىزاڭغا پاس- پورتسىز قىلىنغان ساياهەت» دېگەن كىتاۋىدا شۇ چاغدىكى شىزاڭ يەرلىك هوكۇمىتىنىڭ مېنيۇي رايونىدىكى باشقۇرۇش ئەهۋالى ئۇستىدە توختالغان؛ بۇ ژىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۇنى لوندوندا چىقىدىغان تايمس

گېزىتىگە بېسىلغان بىر پارچە خېتىدە ئۇ يەنە: «بىزداۋاگغا (مېنيۇي-نىڭ مەركىزىگە دېمەكچى) يېتىپ بارغاندا ئۇ يەردە باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلەي شىزاگلىقلارنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى كوردۇق» دەپ يازدى. ھەتتا ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى سىزىلغاندىن 30 ژىل كېيىن، يەنى 1944 - ژىلى ھىندىستان ئاسسام دائىرىلىرى تەرە-پىدىن بۇ رايونغا تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئېۋەتىلگەن فۇر خەيمېندوۋ — شۇ چاغدىكى ھىندىستان تاشقى ئىشلار بۆسىنىڭ سوبەنسىرىدا تۇرۇشلۇق تېپەيېۋەنى — ئوزىنىڭ 1955 - ژىلى نەشر قىلىنغان «ھە-مالايا ياۋايىلىرى رايونى» دېگەن كىتاۋىدىمۇ بۇ جايلار چېگرىسى-نىڭ تېخى بەلگىلەنمىگەن ھەم تەكشۈرۈلمىگەنلىكى، بۇ رايوننى ھىن-دىستان دائىرىلىرىنىڭ باشقۇرمىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ئىدى. بۇنىڭ-دىن، بۇ رايون نەچچە 10 ژىللاردىن بۇيان، نەچچە يۈز ژىللاردىن بۇيان ھىندىستانغا قاراپ كەلگەن، ھازىرقى چېگرىلارنىڭ ھەممىسى تارىخىي چېگرا دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرنىڭ نەقەدەر ئىز باسماي-دىغانلىقىنى كورگىلى بولىدۇ.

ھىندىستان ھوكۇمىتى ئەنگلىيلىكلەر 1844 - ژىلدىن 1888 - ژىل-غىچە شۇ يەردىكى بىر قانچە قەبىلە بىلەن بەزى كېلىشىملەرنى ئىم-زالىغان، بۇ كېلىشىملەر ھىندىستاننىڭ بۇ جاينى باشقۇرۇپ كەلگەن-لىكىنىڭ ئىسپاتى، دەيدۇ. لېكىن نېھرۇ زۇڭلى نەقىل كەلتۈرگەن 1853 - ژىلى مومبا خەلقى بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىمنىڭ بېشىدىلا مومبا خەلقىنىڭ: «بىز...دىباۋاگنىڭ تاپشۇرۇغىغا بىنائەن شەرقىي شىمال چېگرىدىكى ۋاختىلىق باش ۋالىغا دوستلۇق خېتى يوللاي-مىز، ھىندىستان ھوكۇمىتى بىلەن لاسا ھوكۇمىتى ئوتتۇرىسىدىكى بۇرۇنقى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىگە تىلەك-داشمىز...» دېگەن باياناتى بار. مانا بۇ سوزلەر ئۇلارنىڭ ھىندىس-

تانغا تەۋە بولماستىن، شىزاڭغا تەۋە ئىكەنلىكىنى، يەنە كېلىپ ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ شىزاڭغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش شەرتى ئاستىدىلا ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان دىباۋاڭ شىزاڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىنىڭ مۇۋەققەت ۋاكىلىدۇر. نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئاپور ۋە ئاكا خەلقى بىلەن تۈزۈلگەن كېلىشىمگە كەلسەك، بۇلارنىڭ ماددىلىرىدىنمۇ شۇنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، بۇ قەبىلىلەر جايلاشقان رايون ئەنگلىيە زىمىنى ئىچىدە ئەمەس — بۇ كېلىشىملەرنىڭ بەزى قىسمىدا ھەتتا ئەنگلىيە زىمىنىنىڭ «تاغ ئېتىكى (ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى دېمەكچى) گە سوزۇلغان» لىقى كۆرسىتىلگەن. — ۋەھالەنكى بۇ مىللەتمۇ ئەنگلىيە پۇخراسى ئەمەس.

جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىغا قويغان يۇقىرىدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردىن بۇ جايلارنىڭ ئەنگلىيە ياكى ھىندىستانغا ئەمەس، بەلكى ئۆزۈندىن بۇيان جۇڭگوغا تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇ.

بۇ ھۆكۈمنى ئىككى دۆلەتتە نەشر قىلىنغان ئىناۋەتلىك خەرىتىلەردىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاش مۇمكىن. جۇڭگودا نەشر قىلىنغان خەرىتىلەر دائىم بۇ جاينى جۇڭگو زىمىنى ئىچىگە كىرگۈزۈدۇ، يەنى چېگرا سىزىقىنى ھىمالايا تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ھەقىقىي ئەنئەنىۋىي چېگرىلارغا ئاساسلىنىپ كۆرسىتىدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قولىدىكى ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسى نەشر قىلغان ھۆكۈمەت تەرەپ خەرىتىسىنىڭ تاكى 1938 ـ يىلىغىچە بولغان نەشرىدىمۇ ئەشۇنداق بەلگە قويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. 1938 ـ يىلىدىن كېيىن، تا 1952 ـ يىلىغا قەدەر ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسى چېگرا سىزىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، چېگرىنى ئاتالمىش

مېكماخۇن سىزىقى بويىچە كورسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يەنىلا بەلگىلەنمىگەن چېگرا بەلگىسى قويۇلغان. كېيىن، 1954-ژىلىدىن ئېتىۋارەن، بەلگىلەنمىگەن چېگرا يەنە بەلگىلەنگەن چېگرا قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مۇشۇنداق ئۆزگەرتىۋېرىپ ئۆزىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئەسلىدىكى بۇ رايون جۇڭگونىڭ زېمىنى دەپ ئېتىراپ قىلىشتىن بۇ رايون ئەسلىدە ھىندىستاننىڭ قانۇنىي زېمىنى دېيىشكە ئۆزگەرتىۋالدى. لېكىن ھىندىستاننىڭ ھازىرقى خەرىتىلىرىنىڭ سىزىلىشى خەلقارادا ھېلىمۇ قوبۇل قىلىنمىدى. 1958-ژىلى نەشىر قىلىنغان ئەنگىلىيە خان سارىيىنىڭ خەرىتە سىزغۇچىسى جون بارتولو سىزغان خەرىتە توپلىمىدا بۇ جايدا تالاش-تارتىش بار دەپ ھېساپلانغانلىقى ژۇقۇرىدا ئېيتىلىپ ئۆتۈلگەن ئىدى. نېھرۇ زۆڭلى ئۆزى يازغان «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» دېگەن كىتاپقا قوشۇلغان «1945-ژىلىدىكى ھىندىستان» دېگەن خەرىتىمۇ جۇڭگو خەرىتىلىرىدىكە ئوخشاش سىزىلغان.

بۇ ئىناۋەتلىك فاكتلار ئالدىدا، ھىندىستان ھوكۇمىتى نەقىل كەلتۈرگەن ئەنگلىيە جىياۋخۇي تەشكىلاتى ۋە جۇڭگو نېيدىخۇيى 1906-ژىلى لوندوندا نەشىر قىلغان چىڭ پادىشالىقى خەرىتىسىنىڭ تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ.

ژۇقۇرىدا بايان قىلىنغانلاردىن شۇنى كورۇۋېلىش مۇمكىنكى، جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقى توغرىسىدىكى كوز قارىشى مەيلى غەرپ قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم ياكى شەرق قىسىم بولسۇن، ھەممىسى ئوبيېكتىۋ فاكتلارنى ئاساس قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان فاكتلىق ماتېرىياللار بىلەن ئىسپاتلانغان، لېكىن ھىندىستان خەرىتىلىرىدە كورسۇتۇلگەن چېگرا سىزىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ كوپ قىسمى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغانىدىن تاشقىرى، قالغانلىرى

ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىغا ھەرگىز ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن شەك-شۈبھىسىز ھالدا شۇنى ئالاھىدە كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، شەرق ۋە غەرپ قىسىم چېگرىلىرى ئەنگلىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئەنگلىيىنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ئەسلىدە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىمەس نەرسە ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا مەيلى ھىندىستاننىڭ ئۆز تارىخى بولسۇن، ياكى ئەنگلىيە ۋاسىلىقىدىكى ھىندىستاننىڭ بىر قىسمىنىڭ، ياكى ھىندىستانغا خوشنا بېقىندى ئەللەر تارىخى بولسۇن، ياكى بولمىسا جۇڭگونىڭ تارىخى، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ ھىندىستان بىلەن خوشنا بولغان شىزاڭ رايونىنىڭ تارىخى بولسۇن، ھەممىسى ئىسپات بولالايدۇ. ئەنگلىيە شىزاڭغا قۇراللىق تاجاۋۇز قىلىش بىلەن ۋە شىزاڭنى جۇڭگودىن ئايرىۋېتىشكە قەست قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە شىزاڭ چېگرىسىنى خەرىتىدە ۋە ئەمەلىيەتتە بىر چەتتىن غەجىپ يەپ كەلدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كېيىن ھىندىستان ۋارىسلىق قىلغان ھەم ھىندىستاننىڭ ھازىرقى خەرىتىلىرىدە كۆرسىتىلگەن بۇ چېگرا سىزىقى كېلىپ چىقتى. تەبىئىكى، ئۇلۇق تېچلىقپەرۋەر ھىندىستان خەلقى ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاننى بازا قىلىپ ژۇرگۇزگەن ھەممە تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە ھېچقانداق جاۋابكار بولمايدۇ. لېكىن ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەنگلىيىنىڭ شىزاڭغا تاجاۋۇز قىلىشى ئارقىسىدا قانۇنسىز كەلتۈرۈپ چىقارغان، ھەتتا ئەنگلىيىنىڭ ھوقۇقى يېتىپ بارمىغان جايلارنىمۇ كىرگۈزىۋالغان چېگراسىزىقىنى چېگرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقى دېدى، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا كۆرسەتكەن چېگرىنىڭ ھەقىقىي ئەنئەنىۋى ئادەت سىزىقىنى بولسا بۇرمىلاپ، ھىندىستانغا تۇرغۇن زېمىن تەلىۋىنى قويدى،

دېدى. بۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەگەر ھىندىستان ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئورنىدا بولغان بولسا، بۇنىڭغا قانداق ئويدا بولغان بولاتتى؟ مۇنداق سوزدە قاتتىق تۇرىۋىدىغان بولسا، بۇنىڭدىن چوقۇم مۇنداق خۇلاسە، يەنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئەڭ ئادىل، ئېزىلگۈچى جۇڭگو ئۆچىغا چىققان قارا نىيەتچى؛ كۈچلۈك ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى 100 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو ـ ھىندىستاننىڭ ئەنئەنىۋىي چېگرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىپ كەلمەكتە؛ ئاجىز جۇڭگو بولسا ئەنگلىيىنىڭ زېمىنىگە ئۆزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ كەلمەكتە، دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدىغۇ! جۇڭگو ھۆكۈمىتى مۇنداق خۇلاسىنى ھېچقانداق كىشى قوبۇل قىلمايدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

## ئۈچىنچى مەسىلە: جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ توغرى يولى نىمە

جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى مەملىكەت چېگرىسى ئەزەلدىن تارتىپ رەسمىي بەلگىلەنمىگەنلىكى، ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى تونۇشىدا ئىختىلاپ بارلىقى ھەققىدە ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان فاكتلارنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدىكى، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپ تارىخىي ئارقا كورۇنۇشنى ۋە ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالنى كوزدە تۇتۇپ، بەش پرىنسىپقا ئاساسەن، دوستانە كېڭىشىش ئارقىلىق ئىككى مەملىكەتنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى ئۇمۇميۈزلۈك ھەل قىلىشى كېرەك؛ شۇنىڭغىچە ۋاقىتلىق تەدبىر سۈپىتىدە ئىككى تەرەپ چېگرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالنى ساقلىشى، بىر تەرەپلىمىلىك ھەركەتتە بولماسلىقى، بولۇپمۇ بۇ ئەھۋالنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئۆزگەرتىشكە يول قويماسلىقى

كېرەك، بىر قىسىم تالاش ـ تارتىشلاردا سوھبەت ئارقىلىق قىسمەن
ياكى ۋاختىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىش مۇمكىن.
ھىندىستان ھوكۇمىتى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ چېگرا بەلگىلەنمە-
گەنلىگى ۋە سوھبەت ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىش زۆرۈرلىگى
ھەققىدىكى سوزلىرىگە قوشۇلمىدى، بەزى مۇھىم بولمىغان قىسمەن
دەرىجىدە تەرتىپكە سېلىشقىلا بولىدىغانلىغىنىلا ئېتىراپ قىلدى. لېكىن
ھىندىستان ھوكۇمىتى ئىككى تەرەپ چېگرىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى
ساقلىشى، تالاش ـ تارتىشلارنى قورال كۈچى ئىشلەتمەي، كېڭىشىش
ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەكلىگىگە قوشۇلدى. شۇ ئەھۋالدا، ئىككى
تەرەپتە ئىختىلاپ بولسىمۇ، چېگرىسىنىڭ ئامانلىغى ۋە ئىككى مەملى-
كەتنىڭ دوستلىغى كاپالەتكە ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئىدى. جۇڭگو
ھوكۇمىتىنى تاسادىپىلىق ھېس قىلدۇرغىنى شۇكى، ھىندىستان ھو-
كۇمىتى جۇڭگو ھوكۇمىتى چېگرىسىنىڭ بەلگىلەنگەنلىگىگە ئاۋال قو-
شۇلغان ۋە ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى تەشەب-
بۇسىنى قوبۇل قىلغان، پەقەت يېقىندىلا مەيدانىنى ئۆزگەرتىۋالدى،
دېگەن سوزنى تەكرارلاۋەدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھىندىستان
ھوكۇمىتى چېگرىسىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى توغرىسىدا ناتوغرى ئىزاھات
بەردى، ئوزىنىڭ ئەمىلىي ھەركىتىدە ھازىرقى ئەھۋالنى ئارقا ـ ئارقى-
دىن بۇزدى، ھەتتا قورال كۈچى ئىشلەتتى، شۇنىڭ بىلەن چېگرى-
دىكى جىددىي ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى. مۇنداق ئەھۋالدا ھىن-
دىستان ھوكۇمىتى، ئەكسىچە، جۇڭگو ھوكۇمىتىنى بۇنىڭ ھەممىسىگە
جاۋاپكار دەپ ئېيىپلاپ، جۇڭگودا «تاجاۋۇز قىلىش» ۋە «تەسىر
دائىرىسىنى كېڭەيتىش» قارانىيىتى بار دېيدى. ھىندىستان ھوكۇمە-
تىنىڭ ژۇقۇرىدىكى پوزىتسىيىسى چېگرا مەسىلىسىنى تېخىمۇ قىيىن-
لاشتۇرۇۋەتتى ۋە مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو ھۆكۈمىتى توۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىم دەپ ھېساپلايدۇ:

(1) جۇڭگو ھۆكۈمىتى چېگرىنىڭ بەلگىلەنگەنلىكىگە قوشۇلۇپ ۋە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، كېيىن مەيداننى ئۆزگەرتتۇالدىمۇ؟

ھىندىستان ھۆكۈمىتى 1954 - يىلىدىكى جۇڭگو - ھىندىستان كېلىشىمىنى ئېغىزغا ئېلىپ، بۇ كېلىشىم ھىندىستان بىلەن شىزاڭ رايونى ئوتتۇرىسىدىكى ھەل بولماي كەلگەن پۈتۈن مەسىلىنى ھەل قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا مەسىلىسى ھەل قىلىنىپ بولدى، دەپ تونۇلۇشى كېرەك، دەپ ھېساپلىدى.

ئەمەلىيەتتە 1954 - يىلىدىكى جۇڭگو - ھىندىستان كېلىشىمى جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونى بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە قاتناش كېلىشىمى بولۇپ، ھەرگىز چېگرا مەسىلىسىگە چېتىلغان ئەمەس. كېلىشىمنىڭ ماددىلىرىدا چېگرىغا ئالاقىدار ھېچقانداق بەلگىلىمىنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇنى ئەسلەش مۇمكىنكى، شۇ چاغدا ئىككى دۆلەت ئەڭ كۆڭۈل بولگەن ۋە ھەل قىلىشقا ئىنتايىن ئېھتىياجلىق بولغان مەسىلە — ھىندىستان بىلەن جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونى ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئاساستا نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىش مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى. سوھبەتتە ھېچقايسى تەرەپ چېگرا مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىشنى تەلەپ قىلغان ئەمەس، بۇ، شۇ چاغدا ئەڭ زورۇر بولغان مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا تەسىر يەتكۈزۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ نۇقتە ھەر ئىككى تەرەپكە ئېنىق ئىدى. سوھبەت باشلانغان چاغدىلا جۇئېنلەي زۇڭلى ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە شۇ قېتىمقى سوھبەتنىڭ ۋەزىپىسى «ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا پىشىپ قالغان، ھەل قىلىنماي تۇرۇپ قالغان مەسىلىلەرنى

ھەل قىلىشتىن ئىبارەت» دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ يەنە 1954-ژىلى 1-ئاينىڭ 8-كۈندىكى 4-قېتىملىق ژىغىنىدا شۇ قېتىمقى سوھبەتنىڭ ۋەزىپىسى تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدا پىشىپ قالغان، ھەل قىلىنماي تۇرۇپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت دەپ بىرلىكتە بەلگىلىگەن. شۇ ژىلى 4-ئاينىڭ 23-كۈنى جۇڭگو ۋەكىلى يەنە بۇ قېتىمقى سوھبەت چېگرا مەسىلىسىگە ئالاقىدار ئەمەس، دەپ كورسەتكەن. ھىندىستان ۋەكىلى جۇڭگو تەرەپنىڭ ئەشۇ پىكرىگە قوشۇلۇدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. شۇڭا، ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدىكى كوز قارىشىغا جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ قوشۇلغانلىقىنى ياكى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ شۇندىن كېيىن چېگرا مەسىلىسىنى مۇزاكىرىگە قويمايدىغان بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ھېچقانداق فاكت يوق.

ھىندىستان ھوكۇمىتى ئىككى دولەت زۇڭلىلىرىنىڭ 1954-ژىلى 10-ئايدا بېيجىڭدە ئوتكەزگەن سوھبىتىنىمۇ ئىغىزغا ئېلىپ، جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ جۇڭگو خەرىتىسى توغرىسىدىكى سوزى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئوز خەرىتىسىگە ھىندىستان خەرىتىسى بويىچە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈشىدىن، يەنى ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ ھېساپلىدى.

ئەمەلىيەتتە، شۇ چاغدا نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو خەرىتىسىدە جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ سىزىلىشىغا نىسبەتەن باشقىچە پىكىردە بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا جۇئېنلەي زۇڭلى جۇڭگو خەرىتىسىدە چېگرىنىڭ سىزىلىشى كونا خەرىتە بويىچە بولغان، جۇڭگو ھوكۇمىتى

تەكشۇرۇش ئېلىپ بارماي، ئالاقىدار دولەتلەر بىلەنمۇ مەسلىھەت-لەشمەي تۇرۇپ چېگرىنىڭ سىزىلىشىغا ئۆز ئالدىغا تۈزۈتۈش كىر-گۈزۈش ئوۋاپىسىز ئىكەنلىكىنى كورسۇتۇپ ئوتكەن ئىدى. شۇ چاغدا جۇئېنلەي زۇڭلى يەنە، جۇڭگونىڭ ھىندىستان بىلەن ھەم باشقا بىر نەچچە غەربىي جەنۇپتىكى خوشنا دولەتلەر بىلەن بەلگىلەنمىگەن چېگرىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئالاھىدە كورسەتكەن ئىدى. لېكىن نېھرۇ زۇڭلى جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا چېگرا مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ھېساپلايدىغانلىقىنى ئېيتتىدۇ. بۇ سوزدىن شۇنى كورگىلى بولۇدىكى، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىغا بولغان كوز قارىشىدا روشەن ئىختىلاپلار بار. جۇئېنلەي زۇڭلى خەرىتىگە بىر تەرەپلىمە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈشكە قوشۇلمايدىغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلدۈرگەن ئىدى.

ھىندىستان ھوكۇمىتى ئىككى دولەت زۇڭلىلىرىنىڭ 1956 - ژىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھىندىستاندىكى سوھبىتىنى ئېغىزغا ئېلىپ، شۇ چاغدا جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقى توغرىسىدىكى سوزى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئەشۇ سىزىقنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دەپ ھېساپلىدى.

ئەمەلىيەتتە، جۇئېنلەي زۇڭلى ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىنى ئېغىزغا ئالغان چاغدا، بۇ چېگرا سىزىقىنىڭ قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى ۋە جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئەزەلدىن ئۇنى ئېتىراپ قىلمىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاختتا، ئۇ، شۇنداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، چېگرىنىڭ خەۋپسىزلىكىگە كاپالەت بېرىش ۋە ئىككى دولەتنىڭ دوستلىقىغا ئېتىۋار بېرىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملىرىنىڭ ئەشۇ سىزىقتىن ئوتمەسلىككە قاتتىق ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن ھەمدە شۇندىن كېيىن شەرق

قسمىدىكى چېگرىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇۋاپىق چارىسى تېپىشنى ئۈمىت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ بۇ بايانلىرىنى جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ بۇ سىزىقنى ئېتىراپ قىلغانلىقى دەپ ئىزاھلاش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ چېگرا بەلگىلەنمىگەن، ئۇ ئىككى دولەتنىڭ سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قاراشلىق بولۇپ تۇرماقتا، دېگەن پوزىتسىيىسىنىڭ ئىزچىل ئىكەنلىكىنى كورۇش مۇمكىن. ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇرۇنقى مەيدانىنى ئوزگەرتىۋالدى دېگەن دارىتمىلاپ ئېيتقان سوزلىرى ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس.

(2) جۇڭگو ھوكۇمىتى چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە ئەستايىدىل ھورمەت قىلدىمۇ ـ يوق؟

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ئۆمۈميۈزلۈك ھەل قىلىشتىن بۇرۇن چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى قوغداش كېرەك، بۇ، ھەر ئىككى تەرەپ بىردەك قوشۇلغان پرىنسىپتۇر.

جۇڭگو ھوكۇمىتى بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلدۇ. ئازاتلىقتىن كېيىنكى 10 ژىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي خادىملىرى بۇيرۇققا ئاساسەن، جۇڭگونىڭ تارىختىن بۇيان باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان دائىرىسىدىن ئوتمىدى، شەرق قىسمىدا ھەتتا ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىدىنمۇ ئوتمىدى.

ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى چۈشەندۇرۇشى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئەمىلىي باشقۇرۇش دائىرىسىنى ئولچەم قىلغان ئەمەس، بەلكى ھىندىستان خەرىتىسىدە سىزىلغان، ھىندىستاننىڭ باشقۇرۇشى ئەزەلدىن يېتىپ بارمىغان كەڭ كولەملىك يەرلەرنى كىرگۈزۈۋالغان بىر تەرەپلىمىلىك چېگرا سىزىقىنى ئولچەم

قىلغان. شۇنداق قىلىپ ھىندىستاننىڭ قۇراللىق خادىملىرى چېگرىدىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكرار بۇزۇپ، ئۇزىنىڭ ئىشغالىيەت دائىرىسىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، بالجاس، جۇيىۋا، چۇيىرې، شىبۇچى تاغ ئېغىزى، بولىنسەندو، شىياگجا، لابۇدى قاتارلىق جايلارنى بېسىۋالدى ھەمدە ئاقسايچىن، بانگوگخو، كۇڭكا تاغ ئېغىزى ۋە ۋۇرېلارغا بېسىپ كىردى. لېكىن، ھىندىستان ھوكۇمىتى بۇ ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقى ھالەتنى ساقلىغانلىق دەپ ھېساپلىدى. شەرق قىسىمدا بۇ ژىل 3 ـ ئايدا شىزاڭدا ئىسيان يۇز بەرگەندىن كېيىن، ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرى ھەتتا ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىغىدىن ئۇتۇپ، مەلۇم ۋاخىت شۇ سىزىقنىڭ شىمالىدىكى لاگجيۇ، تامادۇننى ئىشغال قىلىۋالدى، ھازىرمۇ جيەنزېمانىنى ئىشغال قىلىپ ياتماقتا.

ھىندىستان تەرەپ 1954 ـ ژىلىدىكى كېلىشىمدە بەلگىلەنگەن جۇڭگو بازىرى بولىنسەندونى بېسىۋېلىپ، شۇنىڭدەك ھىندىستاننىڭ ئۇزىمۇ جۇڭگونىڭ زىمىنى دەپ ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن تامادۇننى مەلۇم ۋاخىت بېسىۋېلىپ تۇرۇۋغلۇق، ھىندىستان ھوكۇمىتى باشتىنئاياق چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھىندىستان تەرەپ ئۇزى بۇزدى دەپ ھېساپلىماي، ئەكسىچە، ئۇزىنىڭ خەرىتىسىدە سىزىلغان چېگرا سىزىغى بويىچە جۇڭگونى چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى بۇزدى، دەپ ئېيىپلىدى. بۇنىڭغا جۇڭگو ھوكۇمىتى قوشۇلالمايدۇ.

(3) جۇڭگو ھوكۇمىتى قۇرال كۇچى ئىشلىتىشتىن ئەستايىدىل ساقلىنامدۇ ـ يوق؟

يېقىندا ماجىدۇن رايونى ۋە كۇڭكا تاغ ئېغىزى رايونىدا ھەر ئىككى تەرەپ خالىمايدىغان قۇراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى يۇز بەردى. بۇ ـــ ئىنتايىن بەختىسىزلىك. لېكىن، بۇنىڭ جاۋاپكارى جۇڭگو

ئەمەس. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ماجدۇندا يۈز بەرگەن ۋەقە لاڭ- جيۇنى ئىشغال قىلىۋالغان ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرى ماجدۇنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كىرىپ جۇڭگو چارلىغۇچى خادىملىرىغا ھۇجۇم قىلغانلىقى ئۈچۈن يۈز بەردى. جۇڭگو قۇراللىق خادىملىرى ھىندىستاننىڭ لاگجيۇدا تۇرۇۋالغان قانۇنسىز قاراۋۇللىرىغا ھېچقاچان ھۇجۇم قىلغىنى يوق، ئەكسىچە، لاگجيۇدىكى قاراۋۇللاردا تۇرۇشلۇق ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرى ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ كەڭ كولەملىك ئوق چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ماجدۇنى ساقلاۋاتقان جۇڭگو قىسىملىرى باشتىن ـ ئاياق جىم تۇردى. جۇڭگو قوشۇنلىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ھەربىي كۈچ بىلەن ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرىنى لاگجيۇدىكى قاراۋۇللىرىدىن قوغلاپ چىقاردى دېگەن سوزلەر راست ئەمەس. ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى لاگجيۇدىن ئايرىلىپ كېتىپ ئالتە كۈندىن كېيىن، يەنى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو قۇراللىق خادىملىرى ئاندىن بۇ جايغا باردى.

10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى كۇڭكا تاغ ئېغىزىدىكى ۋەقەنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ روشەنلەشتى. ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرىدىن ئۈچ كىشى جۇڭگو زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ تۇتۇلغان كۈننىڭ ئەتىسى ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرىدىن 60 نەچچە كىشى ئېغىر ـ يېنىك جىگۇەنچياڭلار بىلەن داۋاملىق بېسىپ كىرىپ، يېنىك قۇراللانغان 14 لا كىشىدىن تەركىب تاپقان جۇڭگو چارلىغۇچى قىسىملىرىغا قۇراللىق ھۇجۇم قىلدى. جۇڭگو چارلىغۇچى خادىملىرى ھىندىستان تەرەپ ئوق چىقىرىشتىن ئىلگىرى ۋە ئوق چىقارغاندىن كېيىن ئۇلارغا ئوق چىقارماسلىق توغرىسىدا قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. جۇڭگو تەرەپ فۇبەنجاڭى ۋۇچىڭگو ھىندىستان خادىملىرىنىڭ ئوق چىقار-

ماسلىغىنى جىكىلەپ قول ئىشارىتى قىلدى ھەم ۋاقىرىدى، لېكىن دەل مۇشۇ قەدىرلىك يولداش ھەممەدىن ئاۋال ئوق تېگىپ قۇربان بولدى. شۇنىدىن كېيىن جۇڭگو چارلىغۇچى خادىملىرى قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

جۇڭگونىڭ قۇرال كۈچى ئىشلىتىشنى ئىزچىل رەت قىلىپ كەلگەنلىكىنى تۆۋەندىكى فاكتلار بىلەنمۇ ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ:

A. 1955 ـ ژىلى جۇڭگو زىمىنى ۋۇرېدا ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قۇراللىق تىركىشىپ قېلىش ۋەزىيىتى بىرىنچى قېتىم يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئۆزلىكىدىن ھەر ئىككى تەرەپ ۋۇرېدا ئەسكەر تۇرغۇزماسلىق، سوھبەت بىلەن ھەل قىلىشنى كۈتۈش تەكلىۋىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

B. ھىندىستان ئىشغال قىلىۋالغان جۇڭگو زىمىنى بالجاس، جۇيۋا، چۇيىرې، شىبۇچى تاغ ئېغىزى، ساڭ، سۇڭشا، بولىنسەندو، شىياڭجا، لابۇدى ۋە جىيەنزېمانى قاتارلىق جايلاردىن ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرىغا نىسبەتەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھېچقاچان قۇرال كۈچى بىلەن چېكىندۈرۈش غەرىزىدە بولمىدى. ھەتتا ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزىمۇ جۇڭگو زىمىنى دەپ ئېتىراپ قىلغان تامادۇندىمۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزلىكىدىن چېقىپ كېتىشنى كۈتۈپ تۇردى ۋە قۇرال كۈچى ئىشلەتمىدى.

C. جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قاراۋۇللىرىنىڭ مۇداپىئە رايونىغا بېسىپ كىرگەن ھىندىستان قۇراللىق خادىملىرىغا جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرى ئۇلارنىڭ چېگرىدىن چېقىپ كېتىشنى ھامان ئالدىن نەسىھەت قىلدى، ئۇلار بۇ نەسىھەتنى رەت قىلغان ئەھۋال ئاستىدىلا ئۇلارنى قۇراللسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن كېيىن قۇراللىرى بىلەن بىللە چېگرىدىن چىقىرىۋەتتى.

D. جۇڭگونىڭ بارلىق چېگرا مۇداپىئە خادىملىرى شۇنداق قاتتىق بۇيرۇق ئالغانكى، قۇراللىق ھۇجۇمغا ئۇچرىمىغىچە ئۇلار ھەرگىز قۇرال كۈچى ئىشلەتمەيدۇ.

E. جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۇڭكا تاغ ئېغىزىدا بەختسىزلىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنى ساقلاۋاتقان قىسىملارنىڭ پۈتۈن سىزىق بويىچە چارلاشنى توختۇتۇشى توغرىسىدا دەرھال بۇيرۇق بەردى.

F. ھەرقانداق چېگرا توقۇنۇشى ۋەقەلىرىنىڭ ئۈزۈل ـ كېسىل ۋە ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى يېقىندا چېگرىدىكى ھەر ئىككى تەرەپ قۇراللىق خادىملىرىنىڭ 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىنىشى ياكى باشقا مۇۋاپىق ئارىلىقتا تۇرۇشىنى قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلىپ كەلدى.

ژۇقۇرىدىكى فاكتلار جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئىمكانىيەت يار بەرگەن ھەممە تەدبىرلەر بىلەن چېگرا خاتىرجەملىكىنى ساقلىغان، قۇرال كۈچى ئىشلىتىش ۋە قۇراللىق توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

ھىندىستان ھۆكۈمىتىمۇ كۇڭكا تاغ ئېغىزى ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىغا چارلاشنى توختۇتۇش توغرىسىدا يولىيورۇق بەرگەن ھەم ئۆزىنى قوغدىماقتىن باشقا ئىلاج قالمىغىچە ھەرئىككى تەرەپ ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ قۇرال كۈچى ئىشلەتمەسلىكىنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ، ئەلۋەتتە، قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن ئىككى قېتىملىق توقۇنۇش ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ھىندىستان ھۆكۈمىتى بۇ ژىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرغان جاۋخۇيىدا ھىندىستان چېگرا مۇداپىئە خادىملىرىغا: «چېگرىنى بۇزۇپ ئۆتكۈچىلەرگە

قارشى تۇرۇش، بۇ مەخسەت ئۈچۈن، ئەگەر ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇشقا پەسەن قىلمىسا، تىگىشلىك، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە قۇرال كۈچى ئىشلىتىش» توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەنلىكى ئېيتىلغان. ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جاۋخۇيىدا يەنە: «ئەگەر ھەرقانداق جۇڭگو قوشۇنلىرى ھىندىستان دائىرىسى ئىچىدە تۇرغان بولسا، ئۇلار دەرھال چىقىپ كېتىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، بۇ ھال ئەسلىدە ساقلىنىشقا بولۇدىغان توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن» دېيىلگەن. ھەتتا بىرىنچى قېتىم توقۇنۇش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىنمۇ ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ يىل 8-ئاينىڭ 27-كۈنى جۇڭگوغا تاپشۇرغان جاۋخۇيىغا ئاساسلانغاندا، ھىندىستان چېگرا مۇداپىئە خادىملىرى يەنىلا «چېگرىنى بۇزۇپ ئۆتكۈچىلەرگە، زورۇر تېپىلغاندا، قۇرال كۈچى ئىشلىتىش» توغرىسىدا بۇيرۇق ئالغان. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى تونۇشى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ خەرىتىلىرى ئوخشاش بولمىغان ئىكەن، شۇنىڭدەك ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەزەلدىن تارتىپ جۇڭگو باشقۇرۇپ كەلگەن كەڭ كۆلەملىك جۇڭگو زېمىنىنى ھىندىستان زېمىنى دەپ قارىغان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۆز زېمىنىنى ساقلاۋاتقان جۇڭگو ھەربىي-مەمۇرىي خادىملىرىنى ھىندىستان تەرەپنىڭ «چېگرىنى بۇزۇپ ئۆتكۈچىلەر» دەپ ئاتىشى تۇرغان گەپ. بۇنداق بولغاندا، ھىندىستاننىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىجراچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئاساسەن، ئاز-تولا ئەركىن ھالدا قۇرال كۈچى ئىشلىتىشى مۇمكىن. روشەنكى، چېگرىدا ئىككى قېتىم بەختسىزلىك ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىنى بۇنداق بۇيرۇق بىلەن مۇناسىۋەتسىز دېيىشكە بولمايدۇ.

(4) جۇڭگو «تاجاۋۇز قىلىش»، «تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش» نىيىتىدە بولامدۇ؟

يېقىندىن بۇيان جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىگە ياندىشىپ، ھىندىستاندا جۇڭگوغا قارشى نۇرغۇن سوزلەر پەيدا بولدى، ئۇلار سوغۇق ئۇرۇش سوزىنى قوللىنىپ، جۇڭگونى «جاھانگىر»، «ھىندىستانغا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى» ۋە «تاجاۋۇز قىلدى» دەپ ھاقارەتلىدى. فاكتلارغا قارىماي جۇڭگوغا قىلىنغان بۇنداق يامان نىيەتتىكى ھۇجۇملار جۇڭگو خەلقىنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرماي قالمايدۇ.

جۇڭگو ھوكۇمىتى شۇنىڭغا دىققەت قىلدىكى، ھىندىستاندا ھازىر جۇڭگو ئەمدىلىكتە كۇچىيىپ كەتتى، ئۇ خۇددى تارىختائۇتكەن بەزى جۇڭگو ھوكۇمرانلىرىغا ياكى ھازىرقى زامان جاھانگىرلىگىگە ئوخشاش سىرتقا قاراپ كېڭىيىۋاتىدۇ، دېگەن سوزلەر بىر قەدەر كەڭ تارقالماقتا. بۇنداق سوزلەرنى تارقاتقۇچىلاردىن جۇڭگوغا يامان نىيەت بىلەن قارايدىغانلىقى ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرغان كىشىلەرنى ھېساپقا ئالمىغاندا، قالغان كوپ قىسمى يېڭى جۇڭگوغا نىسبەتەن دېيەرلىك توغرى چۇشەنچىگە ئىگە بولمىغان كىشىلەردۇر. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو ھوكۇمىتى جۇڭگونىڭ مەيدانىنى ھىندىستان ھوكۇمىتىگە ۋە ھىندىستان خەلقىگە يەنە بىر قېتىم چۇشەندۇرۇپ ئوتۇشنى پايدىلىق دەپ ھېساپلايدۇ.

جۇڭگو خەلقى مەلۇم مۇۋەپپىقىيەتلەرنى قولغا كەلتۇرۇشكە باشلىغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ ئىختىسادى ۋە مەدەنىيىتى ھېلىمۇ ناھايىتى ئارقىدا، جۇڭگو خەلقى يەنە نەچچە 10 يىل، ھەتتا يۇز يىللاپ جاپاغا چىداپ تىرىشچانلىق كورسەتكەندىلا، ئاندىن بۇنداق قالاق ئەھۋالنى تۇگۇتەلەيدۇ. لېكىن خۇددى جۇڭگو ـ ھىندىستاننىڭ جۇڭگو ئۇمىت قىلغاندەك كۇچەيگەندىن كېيىن جۇڭگوغا نىسبەتەن تەھدىتكە ئايلىنىپ قېلىشىغا ئىشەنمەيدىغانلىقىغا ئوخشاش، جۇڭگومۇ مەيلى

قانداقلا ۋاختتا بولمسۇن، ئۇزنىڭ خوشنىسىغا نىسبەتەن تەھدىتكە ئايلىنىپ قالمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئاھالىسى كوپەيسە ۋە سانائىتى يۈكسەلسە، خوشنا ئەللەرگە تەھدىت بولۇپ قالىدۇ، دەيدىغان سوزلەر ھەرگىز جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ئەمگەكچى خەلق سىياسىي ۋە ئىختىسادىي ھوقۇقنى ئۆز قولىغا ئالغان سوتسىيالىستىك تۈزۈمدۇر. سوتسىيالىستىك جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋە جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ھەرگىز باشقىلارغا تەھدىت سالىدىغان غەرىزى يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ھەم بولماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە توۋەندىكى فاكتلارغىمۇ دىققەت قىلىش لازىم: بىرىنچىدىن، ئازاتلىقتىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئاھالىسى بىرقەدەر تېز كوپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ژىللىق ئوتتۇرىچە كوپىيىش نىسبىتى 2% لا بولدى، ئاشلىق مەھسۇلاتىنىڭ ئوتتۇرىچە ئوسۇش نىسبىتى بولسا 9.8% بولدى، ئەڭ ژۇقۇرى بولغان ژىللىرى 35% كە يەتتى. بۇندىن كېيىن جۇڭگودا ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلات مىقدارى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يەنە كوپلەپ ئوسىدۇ. يەنە كېلىپ جۇڭگونىڭ يېرى ناھايىتى كەڭ، يېرىمىدىن ئارتۇق جايلار ئاھالىسى شالاڭ بولۇپ، زور كۈچ بىلەن ئوزلەشتۈرۈشكە قاراشلىق تۇرۇپتۇ. شۇڭا جۇڭگو خەلقى ھەرگىز باشقا دولەتنىڭ يېرىنى تارتىۋېلىپ ياشاشقا مۇھتاج ئەمەس. ئىككىنچىدىن، جۇڭگونىڭ سانائىتى بىر ئاز تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن تېخى خېلى ژىراق. جۇڭگونىڭ تەبىي بايلىقى مول، ئىچكى بازىرى كەڭ، ئۇنىڭ سانائىتى چەتئەلدىن خامئەشيا ئېلىشقىمۇ، ئوز توۋارلىرىنى چەتئەللەرگە ئېلىپ چىقىپ توكمە قىلىپ سېتىشقىمۇ مۇھتاج ئەمەس. ئۈچىنچىدىن، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، جۇڭگودا ئەمگەك كۈچى ئېشىپ قال-

مدى، بەلكى يتتشمەيۋاتدۇ، شۇڭا جۇڭگودا چەتنكە چقرىدىغان
ئارتۇق ئاهاله يوق.
جۇڭگو خەلقى تېچ قوروُلوُشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ نىشانىنى
ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇزۇن مۇددەتلىك خەلقارا تېچ شارا-
ئىتقا تولىمۇ مۇهتاج. شۇڭا جۇڭگو هوكۇمىتى تاشقى مۇناسۋەتلەردە
تېچلىق سياسىتىنى ئىزچىل زۇرگۇزۇپ كەلمەكتە، بارلىق دولەتلەر
بىلەن، ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بەش پرىن-
سىپ ئاساسىدا دوستانە ئۆتۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو هوكۇمىتى ئۆزى
بىلەن باشقا دولەتلەر ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان مەسىلەرنى تېچ
ئۇسۇللار بىلەن ئادىل ۋە مۇۋاپىق هەل قىلىشنى، قورال كۈچى
ئىشلەتمەسلىكنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. جۇڭگو خوشنا
دولەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، تاجاۋۇز قىلماسلىقى
كېرەك، تاجاۋۇز قىلىشقا مۇهتاج ئەمەس، شۇنداق بولۇپلا قالماي
بەلكى ئۇلارنىڭ تېزدىن گۈللىنىپ-كۈچىيىشىنى تولىمۇ ئارزۇ
قىلىدۇ. چۈنكى، شۇنداق بولغاندىلا، بىز مۇشۇ مەملىكەتلەر تېخىمۇ
ئۇنۇملۇك رەۋىشتە، جاهانگىرلارنىڭ ئۇرۇش قوزغىشى ۋە تاجاۋۇز
قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بۇ رايونلىرىمىزنىڭ تېچلىقىنى ساقلاپ
قالالايمىز؛ شۇنداق قىلغاندىلا ئالدى-بەردى قىلىش ئارقىلىق بىر-
بىرىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا تېخىمۇ ئوبدان ياردەم بېرەلەيمىز.
چېگرا مەسىلىسىنى ئالىدىغان بولساق، جۇڭگو هەرگىز باشقا
دولەتلەرنىڭ بىر غېرىچ يېرىنىمۇ ئالمايدۇ، جۇڭگونىڭ بىرمۇنچە
خوشنا ئەللەر بىلەن تېخى بەلگىلەنمىگەن چېگرىلىرى بار. لېكىن،
جۇڭگو ئەزەلدىنلا بۇ ئەهۋالدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئالدىغا ئىش
كۆرۈپ، چېگرىدىكى ئەمەلىي ئەهۋالنى هېچقانداق ئۆزگەرتكەن
ئەمەس هەم مەڭگۈ ئۆزگەرتمەيدۇ. چېگرا بەلگىلەنگەن ياكى بەلگى-

لەنمىگەن ئەھۋالدا بولسۇن، جۇڭگو ئۆزىنىڭ خوشنىلىرى بىلەن بىركوڭۇل ـ بىرنىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئەڭ تىنچ، ئەڭ بىخەتەر ۋە ئەڭ دوستانە چېگرا ھاسىل قىلىش بىلەن، چېگرا مەسىلىسى تۈپەيـ لىدىن ئۆز ئارا گۇمانلىنىپ ياكى توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا تەييار تۇرۇدۇ.

بوتان ۋە سىكىم مەسىلىلىرىنىمۇ سوزىمىزدە ئازراق قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرى كېلىدۇ. جۇڭگو ئۇلار بىلەن دوستانە بىللە ئۆتۈش ۋە ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقنى ئارزۇ قىلغاندىن تاشقىرى، ھېچـ قانداق باشقىچە ئويدا ئەمەس. جۇڭگو ـ بوتان چېگرىسى ئىككى تەرەپ خەرىتىلىرىنىڭ سىزىلىشىغا قارىغاندا، ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىغىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسمىدىلا ئازراق پەرقلەنسىمۇ، لېكىن ئىككى تەرەپنىڭ چېگرىسى باشتىن ـ ئاياق تىنچ بولۇپ كەلمەكتە. جۇڭگو ـ سىكىم چېگرىسى ئاللىقاچان رەسمىي بەلگىلەنگەن، سىزىلغان خەرىتىلەرنىڭ سىزىلىشىدىمۇ ئىختىلاپ يوق، ئەمەلىيەتتىمۇ ماجرا يوق. جۇڭگو بوتان ۋە سىكىملارنى«بېسىۋالماقچى»دېگەنگە ئوخشاش سوزلەر خۇددى جۇڭگو ھىندىستان ۋە باشقا غەربىي جەنۇبتىكى خوشنا مەملىـ كەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىدۇ، دېگەن سوزلەرگە ئوخشاشلا ھېچقانداق ئاساسى يوق بىمەنە سوزلەردۇر.

جۇڭگونىڭ بۇ خوشنا مەملىكەتلەرگە تۇتقان ئاساسىي مەيدانى ئاللىقاچان تەكرار ـ تەكرار بايان قىلىنغان، بۇ ھەقتە كوپ سوزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بەختكە قارشى، ھىندىستان تەرەپ يېقىنقى مەزگىللەردە بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ شىزاڭ رايونىدا ئەكسىيەتچى نۇقتۇ ئىگىلىرىنىڭ ئىسيانى تىنجىتىلغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ پوزىتسىيىسىنى خىلمۇ ـ خىل بۇرمىلىدى ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىككى دولەتنىڭ دوستلىقى ئۈچۈن ھۇجۇمغا ھۇجۇم

www.uyghurkitap.com

بلەن جاۋاپ قايتۇرۇشنى خالمايدۇ، بەلكى ھندستان ھوكۇمتى جۇڭگونىڭ مەخسىدنى ھەققتەن مەلۇم دەرىجىدە خاتا چۈشۈنۈپ قالدى، دېگەن پەرەزدە بولۇشنىلا خالايدۇ. ئېھتىمال، مەلۇم سەۋەپلەر ئارقسىدا جۇڭگوغا ھۇجۇم قىلىش ھەركىتى يەنە داۋاملىشۇ قىلار. ئەشۇنداق بەختىسز ئەھۋالدىمۇ، جۇڭگو ھوكۇمىتى، ھەرگىز، يامان نىيىتى يوق كىشلەرنىڭ جۇڭگوغا نىسبەتەن بولغان خاتا چۈشەنچىسىنىمۇ ئۆزۈنغىچە داۋام قىلىۋېرىدۇ دەپ ھېساپلىمايدۇ. چۈنكى، ئەگەر جۇڭگو ھىندستانغا ياكى باشقا دولەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغان ۋە تەھدىت سالغان بولسا، مىڭ قېتىملاپ ئىنكار قىلغان بىلەنمۇ فاكتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ؛ فاكت بۇنداق بولمىغان ئىكەن، بۇ ھالدا تۇمەنلىگەن تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى پۈتۈن دۇنياغا جۇڭگونىڭ «تاجاۋۇزى»، «تەھدىدى» دەپ تەشۋىق قىلغان بىلەنمۇ بۇ تەشۋىقاتچىلار ئۆزىنىڭلا ئابرويىنى توكىدۇ، خالاس. «ياخشى ئات ئۆزۈن يولدا سىنىلىدۇ، كىشى قەلبى ئۆزۈن زاماندا». جۇڭگونىڭ ھىندستانغا بولغان تېنچ دوستانە پوزىتسىيىسى ۋاخت سىنىغىدىن ئۆتەلەيدۇ. جۇڭگو ھوكۇمتى شۇنىڭغا ئىشنىدىكى، فاكتنىڭ ھەققىي ماھىيىتى قىسقا ۋاخت يېپىلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئۇنى ئۆزۈنغىچە يېپىپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس.

(5) جۇڭگو ـ ھىندستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ھالقىسى نەدە؟

جۇڭگو ـ ھىندستان ئىككى مەملىكەتنىڭ چېگرا مەسىلىسىدىكى مەيدانىدا مۇھىم ئىختىلاپلار بار، ئىككى مەملىكەتنىڭ چېگرىسىدىمۇ جىددىي ۋەزىيەت مەۋجۇت. لېكىن، جۇڭگو ھوكۇمىتى ئەزەلدىن شۇبھىلەنمەيدىكى، جىددىي ۋەزىيەت ئاخىر ئۆتۈپ كېتىدۇ، چېگرا مەسىلىسىمۇ دوستانە كېڭەشىش ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىنىدۇ.

جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ شۇنداق ئىشەنچ باغلىشىدىكى سەۋەپ شۇكى: ئىككى مەملىكەت نەچچە مىڭ ژىللىق دوستلۇق تارىخىغا ئىگە، مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان توقۇنۇش يوق، ھەر ئىككى تەرەپ پۈتۈن پىكىر-خىيالىنى مەملىكەت ئىچىدىكى ئۆزۈن مۇددەتلىك تىنچ قۇرۇلۇشقا بېرىشكە بەكمۇ مۇھتاج، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككى تەرەپ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۈچۈن تىرىشىشنى خالايدۇ، ھېمىشە مۇشۇنداق تىنماي تالاش-تارتىش قىلىۋېرىشكە ئاساس يوق ۋە ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. چېگرا مەسىلىسىدە ئىككى تەرەپ چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدىغانلىقىنى، چېگرىدىكى تالاش-تارتىشنى تىنچ يوللار بىلەن ھەل قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ شۇنى كورسۇتۇدىكى، جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى مەملىكەت دوستانە ئۇتۇش ئاساسىغا ئىگە، چېگرا مەسىلىسىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭدەك، سەلبىي تەرەپتىن قارىغاندىمۇ، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا خوشنا بولغان جۇغراپىيە ئەمەلىيەتىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلمەيدۇ، ئۆزۈنغا سوزۇلغان چېگرا سىزىقىدىكى بېرىش-كېلىشنىمۇ ئۈزۈۋېتەلمەيدۇ، بىز بىر مىللەتلاردىن ئارتۇق ئاھالىغا ئىگە ئۇلۇق ئىككى دوستانە خوشنىنىڭ بۇنداق ۋاختىلىق، قىسمەن تالاش-تارتىشلار تۈپەيلىدىن ئۇرۇش قوزغىشىنى بىمەنىلەرچە تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا چېگرىدىكى تالاش-تارتىشلارنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن دوستانە ھەل قىلىش لوگىكىغا سىغىدىغان بىردىن-بىر يەكۇن.

نوۋەتتە جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ھالقىلىق مەسىلە نىمە؟ جۇڭگو ھوكۇمىتى ھىندىستان ھوكۇمىتىگە توۋەندىكى پىكىرلەرنى سۇنۇدۇ:

A. جۇڭگو ھوكۇمىتى شۇنداق دەپ ھېساپلايدىكى، ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا توغرىسىدىكى مەلۇم كونكرېت فاكتلار ھەققىدە مۇنداق ياكى ئۇنداق كوز قاراشلاردا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەڭ ئاساسلىق ۋە پۇتۇن دۇنياغا ئايان بولغان فاكتلاردا ئىككىنچىلەپ ھېچقانداق ئىختىلاپ بولماسلىغى كېرەك، دېمەك، ئىككى مەملىكەت ئوتتۇرسىدىكى پۇتۇن چېگرا زادىلا بەلگىلەنگەن ئەمەس، شۇڭلاشقا، ئۇ تېخىچە سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا قاراشلىق تۇرماقتا. مۇنداق ئاددى بىر فاكتنى قوبۇل قىلىش ھەر ئىككى تەرەپ ئۇچۇن ھېچقانداق قىيىن كەلمەسلىگى كېرەك، چۇنكى، بۇ ھېچقايسى تەرەپنىڭ ئەملىي مەنپىتىگىمۇ زىيان يەتكۇزمەيدۇ، ئىككى تەرەپنىڭ چېگرا سوھبىتىدە ئوزلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىمۇ قىلچە چەكلەپ قويمايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدا پىكىر بىرلىككە كەلسىلا، چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى ئېچىلدى، دەپ ئېيتىشقا بولۇدۇ. چېگرىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىدىكى كونكرېت تالاش-تارتىشلار توغرىسىدا بۇگۇنگە قەدەر ھەر ئىككى تەرەپ ئوز پىكرىدە تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەرئىككى تەرەپ ئىككى مەملىكەت دوستلىغىنىڭ توپ مەنپىتىنى قەدىرلەپ، غەرەزسىز ۋە ئوز ئارا كېچىرىش ھەم ئوز ئارا يول قويۇش مۇناسىۋىتىدە بولسىلا، بۇ تالاش-تارتىشلارنى ھەل قىلىش قىيىن ئەمەس. ئەگەر ھىندىستاننىڭ پىكرى تېخىمۇ ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىگى ۋە ئىككى مەملىكەت دوستلىغىغا تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىگى ئىسپاتلانسا، جۇڭگو ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك؛ ئەگەر جۇڭگونىڭ پىكرى تېخىمۇ ئاساسلىق ئىكەنلىگى ۋە ئىككى مەملىكەت دوستلىغىغا تېخىمۇ پايدىلىق ئىكەنلىگى ئىسپاتلانسا، ھىندىستان ئۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىككى دولەت زۇڭلىلىرىنىڭ يېقىن ئارىدىكى ئۇچرۇشۇشىنىڭ ئالدى بىلەن

چېگرا مەسلىسىدە بەزى پرىنسىپال كېلىشىملەر ھاسىل قىلىپ، ئۇنى ئىككى تەرەپنىڭ مۇندىن كېيىنكى ھەل قىلىش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىشى ۋە تۈزۈپ چىقىشىغا يېتەكچى ھەم ئاساس قىلىشىنى ئۈمىت قىلىدۇ.

B. چېگرا رەسمىي بەلگىلەنگىچە ئىككى دولەت چېگرىسىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۇنۇملۇك ھالدا ساقلاش ۋە چېگرىنىڭ خاتىرجەملىكىگە ھەقىقىي كاپالەت بېرىش لازىم. مۇشۇ مەخسەت ئۈچۈن جۇڭگو ھوكۇمىتى چېگرىدىكى ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسىملىرىنىڭ 20 كىلومېتىردىن ياكى ئىككى تەرەپ مۇۋاپىق دەپ ھېساپلىغان باشقا ئارىلىقتىچە چېكىنىشىنى؛ شۇنىڭدەك توپ-ئاساسىي تەدبىرنىڭ دەسلەپكى قەدىمى سۈپىتىدە ئىككى تەرەپ قوراللىق خادىملىرىنىڭ پۈتۈن چېگرىدا چارلاش ئىشلىرىنى توختۇتۇشنى تەكلىپ قىلىدۇ.

جۇڭگو ھوكۇمىتى شۇنىڭغا ئىشىنىدىكى، ئەگەر ژۇقۇرقى ئىككى نۇقتىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىنىدىغان بولسا، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ۋەزئىيەت دەرھال ئۆزگۆرۈدۇ ۋە ئىككى دولەت مۇناسىۋىتىنى قاپلىۋالغان قارا بۇلۇتلارمۇ تېز تارقىلىپ كېتىدۇ.

جۇڭگو ھوكۇمىتى ئۆزىنىڭ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسلىسى توغرىسىدا زىرىكمەي بايان قىلىپ كەلگەن بۇرۇنقى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى كوز قارىشىنىڭ ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ ئاق كوڭۇللۇك بىلەن چۈشۈنۈشىگە ئېرىشىپ، بۇ مەسلىنىڭ ئىككى تەرەپ قانائەتلەنگىدەك ھەل قىلىنىشىغا ۋە ئىككى دولەت مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ياردىمى بولۇشىنى سەممىي ئارزۇ قىلىدۇ. ناھەق ئېيىپلاشلارغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن بەزى تالاش-تارتىشلارنى قىلماي بولمىسمۇ، لېكىن جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەخسىدى تالاش-تارتىش قىلىش ئەمەس، بەلكى تالاش-تارتىشنى تۈگۈتۈشتۇر.

جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى ئۇلۇق دولەتتۇر. ئىككىلىسى ئۇزدىنىڭ ئۇلۇق ئۇتمۇشى ۋە كېلىچىگىگە ئىگە. بىرنەچچە ژىلىدىن بۇيان، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش يولىدىكى بەش پرىنسىپنىڭ ئۇلۇق غايىسىغا ئاساسەن، ئىككى دولەت دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش ئۇچۇن سەمىمي قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلاشقان ئىدى. بۇگۇن تارىخ ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىگە يەنە چاقىرىق چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى غايەت زور ئۆزگۇرۇشلەرنى ئورۇنلاش بىلەن بىللە، خەلقارادا تىنچلىق ۋە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۇچۇن تېخىمۇ زور ھەسسىلەر قوشۇشنى تەلەپ قىلماقتا. جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى مەملىكەتنىڭ ھازىرقى ئەۋلاتلىرىنىڭ زىممىسىگە چۇشكەن ۋەزىپە مۇشەققەتلىك ھەم شەرەپلىكتۇر. جۇڭگو ھوكۇمىتى مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىككى دولەتنىڭ تالاش ـ تارتىشلارنى توختۇتۇپ، چېگرا مەسىلىسىنى تېزدىن مۇۋاپىق ھەل قىلىش، شۇنىڭدەك مۇشۇ ئاساستا ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئىشلاردىكى ئۇلۇق دوستلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە رىۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ قىزغىن ئارزۇسىنى قايتا بايان قىلىدۇ.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئالىي ھورمەت بىلدۇرۇمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى

تاشقى ئىشلار بۇسى

1959 ـ ژىلى 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۇنى، بېيجىڭ.

# جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە نېھرۇ پەلسەپىسى توغرىسىدا

«رېنمىن رىباۋ» تەھرىر بۆلۈمى

(1962 ـ ژىل 10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى)

بىر نەچچە ژىلدىن بۇيان، نېھرۇ جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى سوھبەت ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىۋىنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلىپ كەلمەكتە ھەمدە ھەربىي قوشۇنلىرىنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ، جۇڭگو زىمىنىغا ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىپ كەلمەكتە. نېھرۇ 1962 ـ ژىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھىندىستان قوشۇنلىرىغا جۇڭگو چېگرىسىنى قوغداۋاتقان جۇڭگو ھەربىي قوشۇنلىرىنى «تازىلىۋېتىش» توغرىسىدا ئۇز بېشىمچىلىق بىلەن ھېچنىمىگە قارىماستىن، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق بۇيرۇق چۈشۈردى. ئارقىدىنلا ھىندىستان تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىنىڭ شەرق ۋە غەرپ قىسىملىرىدا كەڭ كولەملىك قۇراللىق ھۇجۇم قوزغاپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت ئوتتۇرىسىدا مىسلىسىز ئېغىر ھەربىي توقۇنۇش پەيدا قىلدى.

جۇڭگو تەرەپ توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنى باشتىن ـ ئاياق ئۈمىت

قىلىپ كەلدى. ۋەھالەنكى، بىز ئۈستى-ئۈستىگە سەۋر-تاقەت قىلىپ ۋە يول قويۇپ، ئۈستى-ئۈستىگە ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ كەلگەن بولساقمۇ، بىز زادىلا خالىمىغان ئىش يەنىلا يۈز بەردى: جۇڭگو ھېچقاچان ھىندىستاننىڭ ھېچقانداق يېرىنى ئىشغال قىلىۋالغىنى ۋە ئۇنىڭغا تاجاۋۇز قىلغىنى يوق؛ لېكىن، جۇڭگونىڭ بىر مۇنچە زېمىنىنى بېسىۋالغان ھىندىستان تەرەپ بولسا، چېگرا ھالىتىنى قورال كۈچى بىلەن ئۆزگەرتىش ۋە تاجاۋۇزچىلىقنى كېڭەيتىش قەستىدە بولۇپ كەلدى. جۇڭگو ھىندىستان ھۆكۈمىتىگە شەرتسىز ھالدا دەرھال سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قايتا-قايتا تەكلىپ قىلىپ كەلدى؛ لېكىن، نېھرۇ بولسا، جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە زېمىنىدىن چېكىنىپ چىقىشىنى سۆھبەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىپ قويۇپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قىلچە ئاساسسىز رەت قىلدى. ھىندىستان قوشۇنلىرى جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ غەرپ ۋە شەرق قىسىملىرىدا ئېلىمىزنىڭ چېگرىسى ئىچىگە كەينى-كەينىدىن بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ جەڭچىلىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ توقۇنۇشتىن ساقلىنىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئۆز ۋەتىنىنىڭ زېمىنىنى ھىندىستان قوشۇنلىرى بېسىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆز ئارقا يولىنى ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ كېسىپ تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىگە بىر نەچچە يۈز مېتر، بىر نەچچە ئون مېتر، ھەتتا بىر نەچچە مېتر كېلىدىغان يەرلەردە ھىندىستان قوشۇنلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق پۇنكىتلىرىنى قۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ھېچقاچان بىرىنچى بولۇپ ئوق چىقارمىدى. لېكىن، بىزنىڭ نۇرغۇن جەڭچىلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھىندىستان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە يارىدار قىلىندى. بىزنىڭ مۇشۇنداق سەۋر-تاقەت

قىلغانلىقىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى تۇتۇۋالغانلىقىمىزنى نېھرۇ ھوكۇمىتى ئاجىزلىق ـ بوزەكلىك، دەپ قارىدى. ھىندىستان قوشۇنلىرى قەدەمـ مۇ ـ قەدەم قىستاپ كېلىپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىلەن بارغانسىرى كوپلىگەن تاجاۋۇزچىلىق پۇنكىتلىرىنى ۋە ئىلگىرىلەش جېنىدىلىرىنى قۇردى. ئۇلار ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھىندىستان قوشۇنلىرى، ئاخىر، 1962 ـ ژىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۇنى كەڭ كولەمدە ئۇمۇمىيۈزلۇك ھۇجۇم قوزغىدى.

كىشىلەر مۇشۇ بىر قاتار فاكتلاردىن ۋە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەزئىيىتىنىڭ يېقىنقى مەزگىلدىكى تەرەققىياتىدىن: بۇ قېتىمقى جىددىي قۇراللىق توقۇنۇشنى تامامەن نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ غەرەزـ لىك ئىغۋاگەرچىلىكى ۋە تاجاۋۇزچىلىقى كەلتۇرۇپ چىقاردى دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ، خالاس.

ھازىر پۇتۇن دۇنيا جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەقەسىگە دىققەت بىلەن نەزەر سالماقتا. نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ماجىراسىنى قوزغىغىنىغا ئۇچ ژىلدىن ئېشىپ كەتتى، نىمە ئۇچۇن ئۇلار كېلىشىپ قىلىشقا ئۇنىماي كېلىۋاتىدۇ ۋە جۇڭگوغا قارىتا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، تاكى جۇڭگوغا كەڭ كولەملىك قۇراللىق ھۇجۇم قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى؟ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ماجىراسىنىڭ مەنبىسى ۋە ئارقا كورۇنۇشىنى چۇشەندۇرۇش ئۇچۇن، كەڭ فاكتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، تارىخىي ۋە ئۇمۇمىيۈزلۇك تەھلىل ژۇگۇزۇشكە توغرى كېلىدۇ.

مۇندىن ئۇچ ژىلدىن كوپرەك ۋاقىت ئىلگىرى گېزىتىمىز «شىزاڭـ دىكى ئىنقىلاپ ۋە نېھرۇ پەلسەپىسى» دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ،

هندىستان هوكۇمرانلار گۇرۇهىنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭغا ئارىلاشقانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن نېھرۇ «پەلسەپىسى» ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ئىدى. ئەمدى بىز، جۇڭگو ـ هندىستان چېگرا مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن نېھرۇ «پەلسەپىسى» ئۈستىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزمەكچىمىز.

# 1

نېھرۇ باشچىلىقىدىكى هندىستان هوكۇمرانلار گۇرۇهىنىڭ جۇڭگو ـ هندىستان چېگرا ۋەقەسىنى قوزغاپ، جۇڭگوغا تاكى كەڭ كولەملىك قۇراللىق تاجاۋۇز قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكى خۇددى ئۇلارنىڭ جۇڭگو شىزاڭغا ئارىلاشقىنىغا ئوخشاشلا، تاسادىپىي هادىسە بولماستىن، بەلكى ئۇنى جاهانگىرلار مەنپەتى بىلەن زىچ بىرلەشكەن هندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرىنىڭ سىنىپىي تەبىتى بەلگىلىگەن.

مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىز تارىخنى بىر قۇر ئەسلەپ ئوتەيلى.

كىتاپخانلار، ئاۋال نېھرۇنىڭ 1944 ـ يىلى «هندىستاننىڭ تېپىلىشى» دېگەن كىتاۋىدا يازغان توۋەندىكى بەزى سوزلىرىگە قاراپ بېقىڭلار:

«...هندىستان بىۋاستە بىر ئۇلۇق ئوكيان دولىتى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئۇ يەردە مۇقەررەر هالدا مۇهىم تەسىر كورسۇتىدۇ. هندىستان يەنە هىند ئوكيان رايونىدا، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىن، تاكى ئوتتۇرا شەرققىچە تەرەققى قىلىپ ئىختىسادىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى بولۇپ

قالىدۇ. دۇنيانىڭ تېز تەرەققى قىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەشۇ بىر قىسمىدا ئۇنىڭ ئورنىنىڭ ئىختىسادىي ۋە جەنلۇپ (سترا-تېگىيە) جەھەتتە مۇھىملىقى بار. ئەگەر ھىند ئوكيانىغا تۇتاشقان، ھىندىستاننىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان دولەتلەر، مەسىلەن: ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، ھىندىستان، سەيلون، بىرما، مالايا، سىيام، ياۋا ۋە باشقىلارنىڭ رايون خاراكتېر-لىق بىرەر گۇرۇھ تەشكىلاتى بولۇدىغان بولسا، ئۇ چاغدا، ھازىرقى ئازسانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى يوقۇلۇدۇ، ياكى مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى تامامەن ئوخشاش بولمىغان بىر كوز قاراشتا مۇھاكىمە قىلىنىدۇ».

«...كىچىك مىللىي دولەتلەر جەزمەن يوقۇلۇدۇ. ئۇ مەدە-نىيەت جەھەتتە بىر ئاۋتونوم جاي سۈپىتىدە ئارانىلا نەپەس ئېلىپ تۇرۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ، بىر مۇستەقىل سىياسىي بىرلىك بولالمايدۇ». (لوندون مالىدىان كىتاپچىلىق ھەسسە-دارلىق گۇڭسىسى، 1951 - ژىلى 3 - نەشرى، 510- 511- بەتلەر، شىجيې جۇشى نەشرىياتى 1956 - ژىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە نەشرىنىڭ 712 - بېتى).

كىشىلەر بۇنىڭدىن شۇنى ناھايىتى ئوچۇق كورەلەيدىكى:

بىرىنچى، قارا نىيەتى ھەددىدىن ئاشقان نېھرۇنىڭ كوزلىگەن نىشانىسى ھىندىستان تارىخىدا زادى كورۇلۇپ باقمىغان بۇيۇك ئىمپېرىيە قۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ بۇيۇك ئىمپېرىيىنىڭ تەسىر دائى-رىسى ئوتتۇرا شەرقتىن تا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە بولغان بىر مۇنچە دولەتلەرنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ بۇيۇك برىستانىيە ئىمپې-رىيىسىنىڭ ئوتمۇشتە ئاسىيادا ئورناتقان مۇستەملىكىچىلىك سىستې-مىسىدىن كوپلەپ ئېشىپ كېتىدۇ.

ئىككىنچى، قارا نىيىتى ھەددىدىن ئاشقان نېھرۇ ھىندىستاننى «ئىختىسادىي ۋە سىياسىي پائالىيەتلەرنىڭ مەركىزى» قىلغان «رايون خاراكتېرلىق گورۇھ تەشكىلاتى» قۇرۇلۇپ بولغاندا، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى بۈيۈك ئىمپېرىيە ئەمەلگە ئېشىپ قالغاندا، بۇ يەردىكى «ئازسانلىق مىللەتلەر مەسىلىسى يوقۇلۇدۇ»، دەپ ھېساپلايدۇ. ئۇنىڭ سوزىچە، «كىچىك مىللىي دولەتلەر جەزمەن يوقۇلۇدۇ»، «بىر مۇستەقىل سىياسىي بىرلىك بولالمايدۇ»، پەقەت «مەدىنىيەت جەھەتتە ئاۋتونوم جاي سۈپىتىدە ئارانلا نەپەس ئېلىپ تۇرۇشى مۇمكىن»، بىر ئېغىز سوز بىلەن ئېيتقاندا، نېھرۇنىڭ بۈيۈك ئىمپېرىيىسىنىڭ بېقىندىسىغىلا ئايلىنىپ قالىدۇ.

نېھرۇ بۇ سوزلەرنى بۇندىن 18 ژىل بۇرۇن يازغان. ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكالاشتىن بۇرۇنلا نېھرۇ بۈيۈك ھىندىستان ئىمپېرىيىسى قۇرۇش شىرىن خىيالىدا بولغان. ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ھەقىقىي«تىپىلىشى» ئەنە شۇ!

ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرىنىڭ مۇشۇنداق كېڭەيمىچىلىك ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسى دەل نېھرۇ پەلسەپىسىنىڭ مۇھىم تەركىۋىي قىسمىدۇر.

ھىندىستان ئۇتمۇشتە ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىغىغا ئۇچرىغان ئىدى. ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى يولەپ ئوستۇرگەن تەييارتاپ سىنىپتۇر. بۇ سىنىپنىڭ ئەنگلىيە لۇگدۇەن بۇرژۇئازىيىسى بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتى نېھرۇنىڭ ئوزىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. نېھرۇ: «مېنىڭ ياخشى ۋە يامان كورۇدىغانلىرىمغا قاراپ ئېيتقاندا،

www.uyghurkitap.com

مېنى ھىند دېيىشتىن كۆرە ئىنگلىزلەرگە ئوخشايدۇ، دېيىش ياخشىراق» دېگەن ئىدى (مىشىر بولەيچىر: «نېھرۇنىڭ سىياسىي تەرجىمەھالى»، لوندون نيۇجىن داشۇيسى نەشرىياتى، 1959 ـ ژىل نەشرى، 50ـبەت). ئەنگلىيە ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىختىسادىي كۈچى تەرەققى قىلدى، بولۇپمۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىللىرىدە ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىختىسادىي كۈچى يەنىمۇ رېۋاجلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستان چوڭ دولەت، ئوتتۇرا ئۇنى ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى ئۆزىنىڭ شەرقتىكى مۇستەملىكچىلىك سىستېمىسىنىڭ ئىختىسادىي ۋە سىياسىي مەركىزى سۈپىتىدە، بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ «خان تاجىسىدىكى ئەڭ پاقىراق گوھەر» دەپ ئاتاپ كەلگەن ئىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ھىندىستانغا نىسبەتەن مۇنداق كۆز قارىشى، ئۇلۇق ھىندىستان خەلقى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھاقارەتتۇر؛ لېكىن ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىگە بېقىنىپ قالغان ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىدىن ھىندىستان «ئاسىيا مەركىزى» دېگەن نۇقتىسي نەزەرنى قوبۇل قىلىۋېلىپ، نېھرۇنىڭ بۈيۈك ھىندىستان ئىمپېرىيىسى نۇقتىسي نەزىرىنى شەكىللەندۈردى.

ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكالىغاندىن كېيىن، نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچى ھوكۇمرانلىرى قالدۇرغان مىراسلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى كۈچىنىڭ بېرىچە ساقلاپ، چوڭ دولەتچىلىك ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى بارغانسىرى يالىڭاچ ھالدا ژۈرگۈزدى. ھىندىستان ئاسىيادا ھاملىق قىلىنغۇچى دولەتلەرگە ئىگە بىردىن ـ بىر دولەتتۇر.

هندىستان هوكۇمرانلار گۇرۇھى هندىستان ئەتراپىدىكى بەزى دولەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە تاشقى ئىشلىرىغا ئارىلىششقا كۈچىنىڭ بىرىچە ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنىڭ ئىختىسادىي ۋە سودا ئىشلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇلاردىن هندىستانىنىڭ بۇيرۇغىلا بويسۇنۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، هېچقانداق مەخپىي سىر ئەمەس. نېپالنىڭ «يېڭى جەمئىيەت» ھەپتىلىك ژۇرنىلى يېقىندا باسقان بىر ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «نېپال ئەزەلدىن تارتىپ هندىستانغا دوستانە مۇئامىلىدە بولۇپ كەلدى. لېكىن بۇنىڭ ئەكسىچە، هندىستان نېپالنىڭ مۇستەقىللىقىغا هامان كوز سېلىپ كەلدى. هندىستان نېپالنىڭ مۇستەقىل بىر دولەت سۈپىتىدە مەۋجۇت تۇرۇشىنى ئارزۇ قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئالغا بېسىشىنىمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. هندىستان هېمىشە نېپالنىڭ هندىستانغا تىز پۈكۈشىنى، هندىستانىنىڭ قوماندانلىقىغا ئىتائەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بەلكى هندىستان ئەنە شۇ نىشان بويىچە ئىش كوردى». نېهرۇ هوكۇمىتى قوللانغان مۇشۇنداق چوڭ دولەتچىلىك ۋە كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ھەرگىز ئايرىم هادىسە ئەمەس، يالغۇز نېپالغىلا قارىتىلغان ئەمەس.

هندىستان هوكۇمرانلار گۇرۇھى دەل ئەنە شۇنداق كېڭەيمىچىلىك ئاساسىدا، مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ رايونىنى هندىستانىنىڭ تەسىر دائىرىسى، دەپ قارىدى. هندىستان مۇستەقىللىق جاكالىغانلىقىنىڭ 4-ژىلى، يەنى 1950-ژىلى نېهرۇ هوكۇمىتى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئوز زېمىنى شىزاڭنى ئازات قىلىشىغا ئارىلاشقان ئىدى، كېيىن يەنە، شىزاڭ رايونىدىكى ژۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھىنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق سۈيىقەستى ۋە ئىسيانچىلىق ھەركەتلىرىنى قۇتۇراتتى ھەم قوللىدى. بىزنىڭ چۈشۈنۈشىمىزچە، نېهرۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك «پەلسەپىسى»ئەنە شۇنداق بىر قاتار كونكرېت فاكتلاردىن باشلانغان.

نېھرۇنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىگە قاراتقان سىيا ـ
سىتى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىنى قوزغىغان
پۈتۈن جەريانى ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىك ـ
لىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك پەلسەپىسىنى يەنىمۇ ئوچۇق ئىپادىلىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسى ئەزەلدىن
رەسمىي بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تارىختا ئاللىقاچان شەكىل ـ
لەنگەن ئەنئەنىۋىي ئادەت سىزىقى بار. ئوتمۇشتە، ئەنگلىيە جاھان ـ
گىرلىكى ھىندىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلاردا، ئېلىمىزنىڭ
شىنجاڭ رايونىنى ئۆزلۈكسىز تۈردە بىر چەتتىن غەجەپ يېيىشنى
داۋاملاشتۇرغان ئىدى، شۇڭلاشقا چېگرا تالاش ـ تارتىشى مەۋجۇت
بولۇپ كەلگەن ئىدى. ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكالىغاندىن كېيىن،
ھىندىستان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى بېسىۋالغان
ۋە بېسىۋالماقچى بولۇپ تېخى بېسىۋالمىغان جۇڭگو زېمىنلىرىنى
ھىندىستاننىڭ زېمىنى، دەپ قارىدى. ئۇلار ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق يېڭى
جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگ ـ
رىسىنى سۈرۈشتە قىلىشقا چولىمىز تەگمىگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىش ئۇرۇشىنى قوز ـ
غىشى بىلەن جۇڭگونىڭ خەۋپسىزلىكى ئېغىر خەۋپكە ئۇچرىغان پۇر ـ
سەتتىن پايدىلىنىپ، ئوتمۇشتە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى قىلىشقا جۈرئەت
قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىپ، زورلۇق بىلەن ھىندىستاننىڭ شەرقىي
شىمال چېگرىسىنى جۇڭگو ئەزەلدىنلا ئېتىراپ قىلمىغان ئاتالمىش
مېكماخۇن سىزىقى ئەتراپىغا يوتكەپ، جۇڭگوغا قاراشلىق 90 مىڭ
كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق زېمىننى بېسىۋالدى. شۇندىن كېيىن
يەنە، بەزى جايلاردا ئاتالمىش مېكماخۇن سىزىقىدىنمۇ ھالقىپ
ئوتتى. ھىندىستان دائىرىلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا خەرىتىسىگە

قايتا ـ قايتا خالىغىنىچە بىر تەرەپلىمە تۈزۈتۈشلەر كىرگۈزۈپ، جۇڭگونىڭ كەڭ كولەملىك زېمىنىنى ھىندىستان خەرىتىسىگە كىرگۈزۈۋالدى. شىزاڭ رايونىدىكى ژۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچىلەر گۇرۇھى ئىسيان قوزغاپ، لاسادىكى خەلق ئازاتلىق ئارمىيىسىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنىڭ تورتىنچى كۈنى، يەنى 1959 ـ ژىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نېھرۇ تاقەتسىزلىك بىلەن، ھىندىستان ھوكۇمىتى خالىغىنىچە تۈزۈتۈش كىرگۈزگەن خەرىتىگە ئاساسەن، جۇڭىنلەي زۇڭلىغا خەت يېزىپ جۇڭگوغا زېمىن تەلەۋىنى قويدى. ئۇ، شەرق قىسمىدا 90مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق جۇڭگو زېمىنىنى ۋە ئوتتۇرا قىسمىدا تەخمىنەن 2000 كۋادرات كىلومېتىر جۇڭگو زېمىنىنى ھىندىستانغا كىرگۈزۈۋېلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەرپ قىسمىدا ئەزەلدىنلا جۇڭگونىڭ باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن 33 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق جۇڭگو زېمىنىمۇ ھىندىستانغا ئايرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، بۇ جايلارنىڭ ئومۇمي كولىمى تەخمىنەن ئېلىمىزنىڭ فۇجيەن ئولكىسىگە، ياكى تورت بېلگىيىگە، ئۈچ گوللاندىيىگە باراۋەر كېلىدۇ.

ئۈچ ژىلدىن كوپرەك ۋاختتىن بۇيان، نېھرۇ مۇشۇنداق تەلەۋدە لەرچە تەلەۋىنى جۇڭگوغا قوبۇل قىلدۇرۇشنى قايتا ـ قايتا تەكىتلەپ چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزلۈكسىز قۇرال كۈچى ئىشلىتىپ، جۇڭگو زېمىنىنى بېسىۋالدى. نېھرۇنىڭ كېڭەيمىچىلىك «پەلسەپىسى»: مەن بېسىۋالغان جايلار مېنىڭ؛ مەن بېسىۋالماقچى بولغان جايلارمۇ مېنىڭ. تۈنۈگۈن مەن سېنىڭ بىر سۇڭ يېرىڭنى بېسىۋالغان ئىكەنمەن، بۈگۈن سېنىڭ بىرچى يېرىڭنى بېسىۋېلىشىم مۇمكىن دېگەندىن ئىبارەت. بۇ، ھەقىقەتەن ئۈچىغا چىققان يولسىزلىق!

جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىزچىل تۈردە شۇنداق ھېساپلاپ كەلدىكى،

جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئۇتمۇشتە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراشتىن ئىبارەت ئوخشاش سەرگۈزەشتىنى بېشىدىن ئۆتكەزگەن، ھىندىستان مۇستەقىل بولغان ۋە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن دوستانە ئۆتىشى، ئۆز ئارىلىرىدىكى تالاش ـ تارتىشلارنى تېپچ كېڭەشىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. 1959 ـ يىلى ھىندىستان تەرەپ چېگرا توقۇنۇشىنى قوزغىغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھوكۇمىتى يەنە ئىككى دولەت زۇڭلىلىرىنىڭ سوھبىتىنى ئۆتكۈزۈشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەكلىپ قىلدى. 1960 ـ يىلى 4 ـ ئايدا دولەتىمىزنىڭ زۇڭلىسى جۇ ئېنلەي جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئارزۇسى بىلەن يېڭى دېھلىنى زىيارەت قىلىپ، ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرۇ بىلەن سوھبەت ئۆتكەزگەن ھەمدە چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان دەسلەپكى كېلىشىم ھاسىل قىلىشقا تىرىشقان ئىدى. لېكىن جۇڭگو تەرەپنىڭ سەمىمىي تىرىشچانلىقى ھىندىستان تەرەپنىڭ قوشۇلۇشىغا ئىگە بولالمىدى. شۇندىن كېيىن جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇچرۇشۇشلىرىمۇ تىگىشلىك نېتىجىگە ئېرىشەلمىدى.

جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىزچىل تۇردە شۇنداق ھېساپلاپ كەلدىكى، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى تەرەپ چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا ھازىرچە بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، چېگرا توقۇنۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك. ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن خالى بولۇش بىلەن توقۇنۇشتىن ساقلىنىشنى كوزدە تۇتۇپ، 1959 ـ يىللا جۇڭگو ھوكۇمىتى ئىككى تەرەپ قۇراللىق قىسىملىرىنىڭ پۇتۇن چېگرا سىزىقى بويىچە 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىنىشىنى ھەم چېگرىدا چارلاشنى توختۇتۇشنى نۇرغۇن قېتىم تەكلىپ قىلدى. ھىندىستان تەرەپ بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلـ

غاندىن كېيىن، چېگرىدىكى ۋەزىيەتنى پەسەيتىشكە ياردىمى بولۇشنى كوزدە تۇتۇپ، جۇڭگو يەنە ئۆز ئالدىغا چېگرىنىڭ بۇ تەرىپىدە چارلاشنى توختاتتى. جۇڭگو مۇشۇ تەدبىرنى قوللانغانلىقتىن، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ۋەزىيەت بىر مەزگىل پەسەيگەن ئىدى. ئەگەر ھىندىستان تەرەپ جۇڭگونىڭ ئىككى تەرەپنىڭ 20 كىلومېتىردىن ئارقىغا چېكىنىشى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىۋىگە قوشۇلغان بولسا، ئۇ چاغدا، ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسملىرىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشتىن ساقلىنىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ھىندىستان تەرەپ ئارقىغا چېكىنىشكە قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ، پەقەت جۇڭگونىڭ چارلاشنى ئۆز ئالدىغا توختاتقانلىقىغا ھۆرمەت قىلغان ۋە پۇرسەتپەرەستلىك بىلەن تاجاۋۇز قىلىپ كىرمىگەن بولسا، ئۇ چاغدىمۇ، ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسملىرىنىڭ توقۇنۇشتىن ساقلىنىش مۇمكىن ئىدى. ئويلىمىغان ئىدۇقكى، نېھرۇ ھۆكۈمىتى جۇڭگو چېگرا مۇداپىئە قىسملىرىنىڭ چارلاشنى ئۆز ئالدىغا توختاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنىڭ پۈتۈن سىزىقى بويىچە، قەدەممۇ-قەدەم قىستاپ كېلىپ، جۇڭگو چېگرىسى ئىچىگە ئىچكىرلەپ كىرىش بىلەن ئاۋال غەرب قىسىم ۋە ئوتتۇرا قىسىمدا، كېيىن شەرق قىسىمدا بىر قانچە ئونلىغان تاجاۋۇزچىلىق پونكىتلىرىنى قۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز قوراللىق توقۇنۇش قوزغىدى. ھەممىگە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، جۇڭگو جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدىكى ئىككى تەرەپ قوراللىق قىسملىرىنىڭ دوقۇرۇشۇپ قېلىشىدىن خالى بولۇش يولىدا قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئامال-چارىلارنى قوللىنىپ باقتى؛ نېھرۇ ھۆكۈمىتى بولسا، جۇڭگونىڭ مۇۋاپىق تەكلىۋىنى جاھىللىق بىلەن قايتا-قايتا رەت قىلىپ، دوقۇرۇشۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋەدى. ئىككى تەرەپنىڭ قوراللىق قىسملىرىنى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالى قىلىش

ھېچقايسى تەرەپنىڭ چېگرا مەسىلىسىدىكى ئۆز مەيدانىنى ساقلاپ
قېلىشىغا دەخلى يەتكۈزمەيدۇ، بەلكى بۇ، چېگرا توقۇنۇشىدىن ساق-
لىنىشتا ھەقىقىي يارامىلىق ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىدۇر. جۇڭگو بىلەن
بىرما، جۇڭگو بىلەن نېپال چېگرا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش جەر-
يانىدا خىلمۇ-خىل ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ قورال-
لىق قىسىملىرى دوقۇرۇشۇپ قېلىشتىن خالى قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن
جۇڭگو-بىرما ۋە جۇڭگو-نېپال چېگرا مەسىلىسىنىڭ تىنچ، دوستانە
ھەل قىلىنىشى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلدى. جۇڭگو-بىرما ۋە جۇڭگو-نېپال
چېگرىلىرىدا مۇشۇنداق قىلىش مۇمكىن بولغان يەردە، نېمە ئۈچۈن
جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدا مۇنداق قىلغىلى بولمايدۇ؟ نېمە
ئۈچۈن نېھرۇ ھۆكۈمىتى جۇڭگونىڭ تەكلىپىنى جاھىللىق بىلەن رەت
قىلىپ، دوقۇرۇشۇپ قېلىشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ؟ بۇ، نېھرۇ ھۆكۈ-
مىتىنىڭ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىنى ئۇزۇن مۇددەت جىددىي
ۋەزىيەتتە تۇتۇش غەرىزىدە بولۇپ كەلگەنلىكى ئەمەسمۇ؟ بۇ،
نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ خالىغان چاغدا قوراللىق توقۇنۇش قوزغاش
يولى بىلەن ئۆزىنىڭ رەزىل مەخسىدىگە يېتىشكە ئۇرۇنغانلىقى
ئەمەسمۇ؟

نېھرۇ جۇڭگوغا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ژۈرگۈزۈش
بىلەن بىر ۋاختىتا، چېگرا مەسىلىسىنى سۇيىي-ئىستىمال قىلىپ، ئۈز-
لۈكسىز تۈردە جۇڭگوغا قارشى ھەركەت قوزغىدى. تولۇقسىز مەلۇ-
ماتلارغا قارىغاندا، ئۈچ ژىلدىن بۇيان نېھرۇ ھەر خىل مەيدانلاردا
جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى توغرىسىدا 300 قېتىمدىن ئار-
تۇق سوز قىلدى. ئۇ، ئەڭ قەبىھ سوزلەر بىلەن جۇڭگوغا ھۇجۇم
قىلىپ ۋە بوھتان چاپلاپ، جۇڭگو «ھىندىستان زىمىنىگە تاجاۋۇز
قىلدى»، «ئاشكارا تاجاۋۇزچىلىق ۋەقەسى» پەيدا قىلدى، «تاجاۋۇز-

www.uyghurkitap.com

چىلىق ئۇستىگە يەنە تاجاۋۇزچىلىق قىلدى»، «ھىندىستاننى قۇربان قىلىش ھېساۋىغا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتتى»، «ئاشكارا ۋە قوپال ئۇسۇللار بىلەن ئۇز كۇچىنى كۇز ـ كۇز قىلدى»، «بىر پۇتنى بىلەن مەيدىمىزگە دەسسىدى»، جۇڭگو «جاھانگىر»، «تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكۇچى»، «تاجاۋۇزخور»، ۋاي ئۇنداق، ۋاي مۇنداق دېدى.

نېھرۇ چېگرا مەسىلىسىدە جۇڭگوغا جىنىنىڭ بىرىچە بوھتان چاپلىغاندىن تاشقىرى، جۇڭگوغا چېگرا مەسىلىسىگە قارىغاندا دائىرىسى تېخىمۇ كەڭ بولغان بىر قاتار ھۇجۇملارنى قىلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە جۇڭگونىڭ باشقا دولەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئىنتايىن رەزىللىك ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن بولگۇنچىلىك ژۇرگۇزدى.

كوپچىلىك، نېھرۇنىڭ توۋەندىكى سوزلىرىنى ئوقۇپ بېقىڭلار: «قۇدرەتلىك بىر جۇڭگو، ئادەتتە، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكۇچى بىر جۇڭگودۇر. پۇتۇن تارىختا ئەھۋال ئەنە شۇنداق». «(جۇڭگونىڭ) ئاھالە مەسىلىسى، زور مىقداردىكى ئاھالىسى، ئاھالىسىنىڭ كوپىيىشى كەڭ دۇنيادا ھەر قانداق مەملىكەتتىكىدىنمۇ تېز دېگىدەك بولۇۋاتقان ئەھۋالى ... ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە ناھايىتى خەۋپلىك ۋەزىيەتنى پەيدا قىلىشى ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن، ئاساسەن، ھىندىستانغا قارىتىلمىغان، لېكىن ھىندىستانغىمۇ قارىتىلغان». (1959 ـ ژىلى 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۇنى)

«بىز، ئۇلار بىلەن يۇزدە ـ يۇز دوستانە بولغان تەقدىردىمۇ، فاكت ھامان مۇنداق: قۇدرەتلىك بىر دولەت بىزنىڭ چېگرىمىزدا تۇرماقتا. مۇنداق ئەھۋالنىڭ ئوزى پۇتۇن ۋەزىيەتنى ئوزگەرتىۋېتىدۇ ... شۇڭا بىز ئۇ يەردە بىر ـ بىرىمىزگە قارىمۇ ـ قارشى تۇرماقتىمىز، بىز ھازىر بىر ـ بىرىمىزگە غەزەپ بىلەن دىۋەيلىشىپ تۇرماق ـ

تىمىز، بىز بىر ـ بىرىمىزگە قارىمۇ ـ قارشى تۇرۇۋېرىمىز، بۈگۈن ياكى ئەتىلا ئەمەس، بەلكى يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان ژىللارغىچە». (1959 ـ ژىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى)

«ئاساسىي فاكت شۇكى، جۇڭگو ھەر قېتىم كۈچەيگەندە، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكۈچىگە ئايلىنىپ كەلگەن. بىراق، بۈگۈنكى ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچ جۇڭگونىڭ ئۆز ھەربىي ئىشلىرى ۋە سانائەت ساھەسىنىڭ چاپسان رىۋاجلىنىشىدىنمۇ مەيدانغا كەلمەكتە». (1959 ـ ژىلى 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى)

«ئۇ يەردىكى (جۇڭگونى دېمەكچى) سانائەت ۋە ئاھالە جەھەتلىرىدىكى تېز ئۆسۈش غايەت زور پارتلاش خاراكتېرىدىكى ۋەزىيەتنى پەيدا قىلماقتا». (1960 ـ ژىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى)

«جۇڭگو ھازىر كەم ھوسۇل ئېلىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ، قورقۇنۇچلۇق ئىشتۇر .... ئۈزلۈكسىز كەم ھوسۇل ئېلىش پارتلاش خاراكتېرىدىكى ۋەزىيەتنى پەيدا قىلدى». (1962 ـ ژىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى)

نېھرۇنىڭ بۇ سوزلىرىنىڭ مەنىسى نىمە؟ ئۇ، مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) جۇڭگو قۇدرەتلىك جۇڭگوغا ئايلانماي، ئازاتلىقتىن بۇرۇنقىدەك جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئاستىدىكى كەمبىغەل، نامرات، ئىچكى ـ تاشقى بالايى ـ ئاپەتلەردە قالغان ئاجىز ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

(2) جۇڭگو سانائىتىنى چاپسان رىۋاجلاندۇرماي، قالاق يېزا ئىگىلىك جۇڭگوسى بولۇپ تۇرۇۋېرىشى كېرەك.

(3) جۇڭگو ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئۇرۇش تەھدىدى ئالدىدا ئۆزىنىڭ دولەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش

ئۇچۇن زورۇر بولغان ھەربىي كۇچكە ئىگە بولماسلىقى كېرەك.

(4) جۇڭگو بۇنداق كوپ ئاھالىغا ئىگە بولماسلىقى، بولۇپمۇ ئاھالىسىنى كوپەيتمەسلىكى كېرەك.

(5) جۇڭگونىڭ سانائەتنى چاپسان رىۋاجلاندۇرۇشى «پارتلاش خاراكتېرلىك ۋەزىيەت» نى پەيدا قىلىدۇ؛ جۇڭگونىڭ كەم ھوسۇل ئېلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشىمۇ «پارتلاش خاراكتېرلىك ۋەزىيەت» نى پەيدا قىلىدۇ!

(6) جۇڭگو ھىندىستان بىلەن خوشنا بولماسلىقى، ئۇزىنىڭ جۇغراپىيى ئورنىنى ئوزگەرتىشى كېرەك.

بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، نېھرۇنىڭ قارىشىچە، جۇڭگو مەۋجۇت بولۇپ تۇرماسلىقى، ياكى باشقا جايغا كوچۇپ كېتىشى كېرەك، ئۇنداق بولمىغاندا، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت جەزمەن «غەزەپ بىلەن بىر ـ بىرىگە دىۋەيلىشىپ تۇرۇدۇ»، «بۇگۇن ياكى ئەتىلا ئەمەس، بەلكى يۇزلىگەن ـ مىڭلىغان ۋىللارغىچە»!

خوش، نېھرۇ كىمگە ۋاكالەتەن سوزلەۋاتىدۇ؟ ھىندىستان خەلقىگە ۋاكالەتەنمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ھىندىستان خەلقى — ھىندىستان ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى، ئاڭلىق زىيالىلىرى، ئېزىلگەن مىللىي بۇرژۇئازلىرى، ئاڭلىق كىشىلىرى، يەنى ھىندىستاننىڭ مۇتلەق كوپچىلىك كىشىلىرىمۇ خۇددى جۇڭگو خەلقى خەلق خوجايىن بولغان، قۇدرەتلىك، سانائەتلەشكەن، ئاھالىسى گۇللەنگەن ھىندىستاننىڭ ئوزىگە خوشنا بولۇشنى ئۇمىت قىلغاندەك، خەلق خوجايىن بولغان، قۇدرەتلىك، سانائەتلەشكەن، ئاھالىسى گۇللەنگەن جۇڭگونىڭ ئوزلىرىگە خوشنا بولۇشنى خالايدۇ.

جۇڭگو خەلقى تەلتوكۇس ئازاتلىققا ئىگە بولۇپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇق يولىغا ماڭدى. سوتسىيالىستىك جۇڭگو ئەبەدى

تېچلىقپەرۋەر دولەتتۇر. بىز مەملىكەت ئىچىدە كىشىنى كىشى ئېكسپلۇئاتاتسىيە قىلىش، كىشىگە كىشى زۇلۇم قىلىشىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبىسىنى يوقاتقان تۇرساق، قانداقمۇ چەتئەلگە بېرىپ، باشقىلارغا تاجاۋۇز قىلىمىز ۋە باشقىلارنى بۇلايمىز؟

بىزنىڭ سانائەتلىشىشىمىز ـــ سوتسىيالىستىك سانائەتلىشىش، پۈتۈن خەلققە بەخت ـ سائادەت ئىزدەيدىغان سانائەتلىشىشتۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىق مەنبەسىمىز بار، دۇنيا بويىچە ئەڭ كەڭ ئىچكى بازىرىمىزمۇ بار، بىزنىڭ سانائەتلىشىشىمىز قانداقمۇ چەتكە كېڭىيىشنىڭ «ھەركەتلەندۈرگۈچى كۈچى» بولۇپ قالسۇن؟

بىزنىڭ ئارمىيىمىز ـــ خەلق ئارمىيىسى، ھەققانىيەتچى ئارمىيە، ئۇ، تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى جىنايى ھەركەت دەپ بىلىدۇ، ئۇنىڭ مەخسىدى خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ دولەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت بولۇپ تۇرۇغلۇق، قانداقمۇ باشقا دولەتكە تاجاۋۇز قىلسۇن؟ قانداقمۇ خوشنىمىز ھىندىستانغا تاجاۋۇز قىلسۇن؟

جۇڭگو ھەقىقەتەن ئاھالىسى كوپ مەملىكەت. بىراق جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ كوپلىگى قانداقمۇ ھىندىستانغا خەۋپ يەتكۈزسۇن؟ خەلق ئىنقىلاۋى غەلىبە قازىنىپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈزۈل ـ كېسىل ئازاتلىنىشقا ئىگە بولغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىشنى كەڭ كولەمدە رېۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق ئاھالە مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىن ـ پەي ئۇستۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇق. سوتسىيالىزم شارائىتىدا «ئاھالە ئوشۇقچىلىقى» مەسىلىسى زادى بولمايدۇ. ئەگەر «ئاھالە مەسىلىسى» ئېغىزغا ئېلىنىدىكەن، ھىندىستانمۇ دۇنيادا ناھا-

يىتى كوپ ئاھالىغا ئىگە مەملىكەتلەرنىڭ بىرى. يەنە كېلىپ جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ زىچلىقى ھەر بىر كۋادرات كىلومېتىرغا 67 كىشىدىن بولسا، ھىندىستاندا 148 كىشىدىن بولۇپ، جۇڭگو ئاھالىسى زىچلىقىنىڭ ئىككى ھەسسىدىن كوپرەككە توغرى كېلىدۇ. خوش، جاۋابى نېھرۇ، ئوزىڭىزنىڭ لوگىكىسى بويىچە، ھىندىستان ئاھالىسىنىڭ كوپلىگىمۇ باشقا دولەتلەرگە تەھدىت يەتكۈزىدۇ، دەپ قارامسىز؟

دۇرۇس، جۇڭگومۇ تارىختا قۇدرەتلىك بولغان، بەلكى ،چەتكە تاجاۋۇزمۇ قىلغان، ئۇ، فېئودال - پومېشچىكلار سىنىپى ھوكۇمرانلىق قىلىپ تۇرغان دەۋردىكى ئىش. ھازىرقى جۇڭگو خەلق جۇڭگوسى، سوتسىيالىستىك جۇڭگو؛ ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى، ئىچكى - تاشقى سىياسىتى بۇرۇنقىغا تۈپتىن ئوخشاش ئەمەس. قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك جۇڭگو تىنچلىققا پايدىلىق، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇشقا پايدىلىق، خوشنا دولەتلەرگە پايدىلىق، ھەر قايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىغا پايدىلىق، پەقەت تاجاۋۇزخور جاھانگىرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مالايلىرىغىلا پايدىسىز. دۇنيا ئەللىرىدىكى بارلىق تىنچلىقپەرۋەر، ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قارايدۇ، بەلكى ئۇلار سوتسىيالىستىك جۇڭگو قانچە كۈچلەنسە شۇنچە ياخشى، دەپ بىلىدۇ. نېھرۇ سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ كۈچىيىشىگە مۇنداق ئوچمەنلىك بىلەن قاراشتا ئوزىنى زادى قانداق مەۋقەگە قويۇۋاتىدۇ؟ ئۇ، ئوزىنى دەل جاھانگىرلىكنىڭ مالىيى مەۋقەسىگە قويۇۋاتامدۇ؟

جۇڭگو ئەزەلدىن تىنچلىق تاشقى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، بەش پرىنسىپ ئاساسىدا ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى ئوخشاش بولمىغان بارلىق دولەتلەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. بىز ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يەمەن، بىرما، نېپال، ئافغانىستان،

گىنىيە، كامبودژا، ھىندونېزىيە، كانا قاتارلىق سەككىز دولەت بىلەن دوستلۇق ۋە ئۆز ئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىق شەرتنامىلىرى، ياكى تېچلىق ـ دوستلۇق شەرتنامىلىرى ئىمزالىدۇق. خۇددى شۇنىڭدەك، ھىندىستان بىلەنمۇ تېچلىقتا بىللە ئۆتۈشنى باشتىن ـ ئاياق ئېغىشماستىن ئارزۇ قىلىپ كەلدۇق. لېكىن نېھرۇ بولسا، ھىندىستان جۇڭگو بىلەن دوستانە ئۆتەلمەيدۇ، دەپ قارىدى. بۇ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە مەنپىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ.

جۇڭگونىڭ بىر مۇنچە خوشنىلار بىلەن تارىختىن قېپقالغان چېگرا مەسىلىسى بار. مەسىلەن، جۇڭگو بىلەن بىرما جۇڭگو بىلەن نېپال ئوتتۇرىسىدىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن چېگرا سىزىقى بولۇپ، ئۆتمۈشتە رەسمىي بەلگىلەنمىگەن. لېكىن جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دولەت ھۆكۈمەتلىرى ۋە جۇڭگو ـ نېپال ئىككى دولەت ھۆكۈمەتلىرى تېچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، ئۆز ئارا چۈشۈنۈش ۋە يول قويۇش روھى بويىچە، تولۇق كېڭەشىش ئارقىلىق چېگرا شەرتنامىسى ئىمزالاپ، تارىختىن قېپقالغان مۇرەككەپ مەسىلىنى مۇۋاپىق، دوستانە ھەل قىلدى. ئەمدى، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى نېمىشقا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ؟ ئەگەر نېھرۇ راستىنلا چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى مەخسەت قىلىدىغان بولسا، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى، ھازىرچە ھەل بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئىككى دولەتنىڭ چېگرىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قېلىشقا، تېچلىقتا بىللە تۇرۇشقا كاشىلا بولمايتتى، ھەدەپ جۇڭگوغا تۆھمەت ۋە ھۇجۇم قىلىش، ھەتتا جۇڭگو بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

نېھرۇنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىدە ئۇزۇندىن بۇيان كېلىشىپ قېلىشقا ئۇنىماي، ئۈزلۈكسىز كەسكىن ۋەزىيەت

پەيدا قلشدا رەزىل مەخسدى بار. بۇ نۇقتىنى بز پەقەت جاھانگرلكنىڭ مەنپەتى بلەن زىچ برلەشكەن نېھرۇ ۋەكىللىكىدىكى ھندستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچكلرنىڭ سىنىپي تەبستىدىن، نېھرۇ ۋەكىللىكىدىكى ھندستان ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىچكى ئىشلار ۋە دېپلوماتىيە جەھەتلىرىدىكى ئېھتىياجىدىن، ھندستاننىڭ ئىچكى ۋە خەلقارا جەھەتلىرىدىكى كەڭ دائىرىلىك ئارقا كورۇنۇشىدىنلا چۇشۇنۇپ ئالالايمز.

## 2

كىشىلەرگە مەلۇمكى، ھندستان مۇستەقىل بولۇشتىن ئىلگىرى مۇستەملىكە، فېودالىق جەمئىيەت ئىدى. ئۇ ۋاختىتا ھندستان خەلقىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپىسى جاھانگرلىككە، فېودالىزمغا قارشى مىللىي-دېموكراتىك ئىنقىلاپ ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلۇق ھندستان خەلقى ئەنگلىيە جاھانگرلىكنىڭ ھندستاندىكى مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىنى ئۇزۇل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىقى ۋە ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن ئۇزۇن مۇددەت قەھرىمانانە كورەش ئېلىپ باردى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا ۋە ئافرىكىدىكى ھەرقايسى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق ھەرىكىتى مىسلىسىز ئەۋج ئالدى. ھندستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە جاھانگرلىكىگە قارشى كورىشى قايناپ تاشتى. جوڭگو خەلقى ھندستان خەلقىنىڭ مىللىي-ئازاتلىق كورىشىگە ئەزەلدىن چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىپ، ئالىي ھورمەت بىلدۇرۇپ كەلدى.

ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ۋە ھندستان پومېشچىكلار سنىپى بىلەن

قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان ھىندىستان بۇرژۇئازىيىسى ئۆزىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ئۈچۈن تۇرلۇك مەزگىللەردە ۋە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ھەركىتىگە قاتنىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى ئۆزىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى ھەركەتتە باشتىنلا كۆچلۈك مۇرەسسەچىلىك قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ھىندىستان بۇرژۇئازىيىسى مىللىي ـ مۇستەقىللىق ھەركەت جەريانىدا، بىر تەرەپتىن، ئەنگلىيىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھوكۇمرانلىقىغا قارىتا ھەمكارلاشماسلىق ھەركىتىنى ئۆزگۈزگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» شۇئارى ئارقىلىق خەلقنىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى بوشىتىۋېتىپ، خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىنى چەكلىدى.

نېھرۇ ئۆزىنىڭ «تەرجىمھالى»دا ھىندىستان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ، ھىندىستان مىللىي ھەركىتىنىڭ «مەقسىدى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتىش ئەمەس، بەلكى سىياسىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.... بۇ ھەركەتنىڭ رەھبەرلىرى يەر تۈزۈمى ۋە كاپىتالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇشنىڭ ئامالىنى تېپىشقا تىرىشمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەركەتنى سىتىۋەتتى، دەپ كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋەمەسلىكى كېرەك. ئۇلار ھېچقاچان مۇنداق قىلىمىز دېگەن ئەمەس»دېگەن ئىدى. (لوندون بودلى ھىباد گۇگىسىنىڭ 1949 ـ يىل نەشرى، 366 ـ 367 ـ بەتلەر، شىجېي جۈشى نەشرىياتى 1956 ـ يىل خەنزۇچە نەشرىنىڭ 417 ـ بېتى).

ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي ـ مۇستەقىللىق ھەركىتى جەريانىدا ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى بىلەن مۇرەسسەگە كېلىشىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ئاساسەن ساقلاپ قېلىش شەرتى

ئاستىدا، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، شۇنداق قىلىپ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيىگە قارشى كۈرىشىنىڭ مېۋىسىنى ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى.

ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكالىغاندىن كېيىن، ھىندىستان مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە مەلۇم دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلغان نېھرۇ ئىچكى-تاشقى سىنىپىي كۈرەشلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قەدەممۇ-قەدەم ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلىگە ئايلاندى. نېھرۇ ھۆكۈمىتى جاھانگىرلىككە، فېئوداليزمغا قارشى ئىنقىلاپ ئورنىغا ئەكسىيەتچى مىللەتچىلىكنى قوللاندى ھەم جاھانگىرلىك كۈچلىرى ۋە فېئوداليزم كۈچلىرى بىلەن كۆڭدىن-كۆڭگە زىچ تىل بىرىكتۈردى. ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى بىلەن چەتئەل لۇڭدۇەن كاپىتالى ئوتتۇرىسىدا مەلۇم زىددىيەت بار. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىرى پۈتۈنلەي بىر ئەمەس. شۇڭلاشقا نېھرۇ ھۆكۈمىتى جاھانگىرلىك بىلەن ھىند مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن ۋاقىتتا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، جاھانگىرلىككە نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە پەرقلىقلىقنى ئىپادىلىدى. لېكىن ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى بىلەن چوڭ پومېشچىكلىرىنىڭ سىنىپىي تەبىئىتى ۋە ئىقتىسادىي ئورنى نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ جاھانگىرلىككە بارغانسېرى قاتتىق بېقىندىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكالىغاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىللىققا ئىگە بولالىغىنى يوق. جاھانگىرلىك ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى ئىقتىسادىي تەسىرىنى يەنىلا ساقلاپ كەلمەكتە. چەتئەل كاپىتالى ھىندىستاننىڭ نۇرغۇن مۇھىم ئىقتىسادىي تارماق-



www.uyghurkitap.com

لىرىنى يەنىلا چاڭگىلىدا تۇتۇپ كەلمەكتە. ھىندىستان نېيگى مىشۇ-چۇسىنىڭ 1951 - يىلى ھىندىستان زۇڭلىسىغا تاپشۇرغان بىر دوكلا-تىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، چەتئەل كاپىتالى ھىندىستان نېفت سانائىتىنىڭ 97% ىنى، كائوچۇك سانائىتىنىڭ 93% ىنى، سەرەڭگە سانائىتىنىڭ 90% ىنى، سېرىق كەندىر سانائىتىنىڭ 89% ىنى، چاي-چىلىق سانائىتىنىڭ 86% ىنى، كومۇر كانلىرىنىڭ 62% ىنى چاڭگى-لىغا ئېلىۋالغان. ھىندىستاننىڭ مىللىي سانائىتى دەپ ئاتىلىپ كەلگەن پاختا توقۇمىچىلىقىنىڭمۇ 21% ىنى چەتئەل كاپىتالى چاڭگىلىغا ئېلى-ۋالغان. ھىندىستان مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھىن-دىستان ھوكۇمىتى نۇرغۇن تولەم بېرىش چارىسى ئارقىلىق ئەنگلىيە كاپىتالىنىڭ ئازساندىكى كارخانىلىرىنى دولەت ئىلكىگە ئالغان بول-سىمۇ، لېكىن جاھانگىرلىكنىڭ ھىندىستاندىكى تۇپ مەنپەئەتىگە چېقىلغىنى يوق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، چەتئەلنىڭ ھىندىستاندا سالغان مەبلىغى چاپسان كوپەيدى. 1948 - يىلى 6 - ئايدا، چەتئەلنىڭ ھىندىستان كارخانىلىرىغا سالغان مەبلىغى (بانكىغا سالغان مەبلىغى بۇنىڭ تېشىدا) 2 مىلليارد 560 مىلليون رۇپىي بولغان، 1960 - يىلى 6 مىلليارد 550 مىلليون رۇپىغا يەتتى، يەنى 13 يىل ئىچىدە بىر يېرىم ھەسسە كوپەيدى. 1948 - يىلى چەتئەل كاپىتالى ھىندىستان ھەسسىدارلىق گۇگسىنىڭ ئەملى تاپشۇرۇۋالغان كاپىتالىنىڭ 34.8% ىگە باراۋەر بولغان بولسا، 1960 - يىلى 38% كە كوپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھىندىستان لۇگدۇەن كاپىتالىنىڭ چەتئەل كاپىتالى بىلەن شېرىك باشقۇرغان، ئەملىيەتتە چەتئەل كاپىتالىنىڭ چاڭگىلىدا بولغان كارخانىلارمۇ چاپسان كوپەيدى. ھىندىستاننىڭ 1962 - يىلى 7 - ئاينىڭ 23 - كۇنى چىققان «جىگجى

شباۋ»گېزىتىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇنداق شىرىنىڭ كارخانىلار 1958 ـ ژىلى 103، 1959 ـ ژىلى 150، 1960 ـ ژىلى 380، 1961 ـ ژىلى 403كە كوپەيگەن. 1962 ـ ژىلى 3 ـ ئايدا مۇنداق شىرىنىڭ كارخانىلار-نىڭ ئۇمۇمىي سانى 1240 قا يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئاقىش كاپىتالى ھەممىدىن تېز كوپەيگەن. 1948 ـ ژىلىدىن 1959 ـ ژىلىغىچە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستاندا سالغان مەبلىغى بىر ھەسسىلا كوپەيگەن بولسا، شۇ مەزگىلدە ئاقىشنىڭ ئالتە ھەسسە كوپەيگەن. 1948 ـ ژىلىدىن 1960 ـ 1961 ـ ژىلىغىچە ئەنگلىيىنىڭ ھىندىستان جىنكۇسىدا ئىگەللىگەن سالمىقى 22.8% تىن 19.8% كە چۈشكەن، شۇ مەز-گىلدە ئاقىشنىڭ بولسا، 16% تىن 27% كە كوپىيىپ (ئاقىشدىن جىنكۇ قىلىنغان ئاشلىقلار بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس)، ئەنگلىيىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتكەن.

بولۇپمۇ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، نېھرۇ ھوكۇمىتى-نىڭ تاشقى ياردەمگە يولۇنۇشى بارغانسىرى كۇچىيىپ بارماقتا. ھىندىستاننىڭ بىرىنچى «بەشژىللىق پىلان» دىكى ئۇمۇمىي چىقىمى ئىچىدە چەتتىن ئېلىنىدىغان ياردەم 9.6% نى تەشكىل قىلغان؛ ئىككىنچى «بەشژىللىق پىلان» دىكى ئۇمۇمىي چىقىمدا چەتنىڭ ياردىمى 20.6% نى؛ ئۇچىنچى «بەشژىللىق پىلان» دىكى ئۇمۇمىي چىقىمدا چەتنىڭ ياردىمى 30% نى تەشكىل قىلغان. ئاقىش «خەلقارا ھەمكارلىق مەھكىمىسى» نىڭ 1961 ـ ژىل 10 ـ ئاي ۋە 1962 ـ ژىل 4 ـ ئايدىكى «چەتكە قىلىنىدىغان ياردەم توغرىسىدىكى دوكلادى»ھەم ئاقىشنىڭ باشقا ھوكۇمەت تەرەپ ماتېرىياللىرىغا قا-رىغاندا، 1949 ـ ژىلدىن 1962 ـ ژىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاقىشنىڭ ھىندىستانغا بېرىشكە ماقۇل بولغان «ياردىمى»4 مىللىارد 754 مىللىون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان، بۇنىڭغا ئاقىش چاگ-

گىلىدىكى خەلقارا پۇل مۇئامىلە ئورگىنىنىڭ ئەشۇ مەزگىلدە ھىندىستانغا بەرگەن «ياردىمى»نى قوشقاندا، 6 مىلليارد 598 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ قوبۇل قىلغان نۇرغۇن ساندىكى چەتئەل ياردىمىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دەسمايىسى بىلەن ئۆسۈمى بىللە تۆلىنىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، بۇ قەرز پۇللاردىن ژىللىق ئۆسۈمى ئەڭ ژۇقۇرى بولغانلىرىنىڭ پروتسېنتى 6% كە يېتىدۇ. شۇڭلاشقا ھىندىستان چەتكە بارغانسىرى كۆپ قەرزدار بولۇپ، ھىندىستان ئىقتىسادى بارغانسىرى چەتئەل لۇڭدۇەن كاپىتالىغا تايىنىشتىن قۇتۇلالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالماقتا. ھىندىستاندا چىقىدىغان «لىيەنشى» ھەپتىلىك ژۇرنىلى 1962 - ژىل 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى ساندا: «مۇنداق چەتئەل قەرز پۇلى ھىندىستاننىڭ مۇستەقىل رىۋاجلىنىش نىشانىغا قاراپ ئىلگىرلىشىگە ياردەم بېرىش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇ، ئۆزۈن مۇددەتكىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بويىنغا سېلىنغان بىر سىرتماق بولۇپ قالىدۇ» دەپ يازدى.

بۇ فاكتلار ئىسپاتلايدىكى، ھىندىستان ئىقتىسادى جاھانگىرلىككە تايىنىشتىن قۇتۇلالىغىنى يوق، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى پەيدىن - پەي ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھىندىستاندىكى لۇڭدۇەنلىك ئورنىنى ئىگەللىمەكتە.

نېھرۇ ھۆكۈمىتى دولەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بەزى كارخانىلارنى قۇردى. لېكىن ھىندىستاننىڭ دولەت كارخانىلىرى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى، ئەمەلىيەتتە، چەتئەل لۇڭدۇەن كاپىتالىغا بېقىنىدىغان دولەت كاپىتالىزمى كارخانىلىرىدىنلا ئىبارەت. بۇ كارخانىلار ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن، شۇن-

داقلا چەتئەل لۇڭدۇەن كاپىتالىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بۇ، ئەمەلىيەتتە، ھىندىستاننىڭ بيۇروكرات لۇڭدۇەن كاپىتالىدۇر. بۇ بيۇروكرات لۇڭدۇەن كاپىتال رىۋاجلانماقتا. مۇنداق لۇڭدۇەن كاپىتال ھىندىستان ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى، ھەتتا ئوتتۇرا، كىچىك كارخانا كاپىتالىستلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە رىۋاجلانماقتا.

نېھرۇ 1960-يىلى «ھىندىستان خەلقىنىڭ بەلۋېغىنى چىڭىتىش» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «سانائەت ئىنقىلاۋى»دېگەن نىمىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇدىغانلىغىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئېيتقان ئىدى. ھىندىستان كەڭ ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىزچىل تۈردە تۆۋەنلىشىپ بارماقتا. مال باھاسى ھەدەپ ئۆرلىمەكتە، باج-سېلىق ھەدەپ ئاشماقتا، ئىشسىزلارنىڭ سانى بارغانسىرى كۆپەيمەكتە، كەڭ دىخانلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلاشماقتا.

ھىندىستاندىكى ئىچكى ئاساسىي مەسىلە — دىخانلار مەسىلىسىدۇر. ئۆتمۈشتە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى ھىندىستاندا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە، تالان-تاراج قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن، فېودال-پومېشچىكلار سىنىپىنى يۆلەپ، كەڭ دىخانلارنى يەرئىجارىسى، غەللە-پاراق ۋە جازانىخورلۇقنىڭ قەۋەت-قەۋەت زۇلمى ئاستىغا چۈشۈرگەنلىكتىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ سەۋىيىسى بەكمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەن ئىدى.

ھىندىستان مۇستەقىللىق جاكالىغاندىن كېيىن، نېھرۇ ھۆكۈمىتى فېوداللىق يەر تۈزۈمىگە نىسبەتەن زادى قانداق سىياسەت قوللاندى؟

ھىندىستان مۇستەقىل بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، نېھرۇ ھۆكۈمىتى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە چوڭ پومېشچىكلارنىڭ ھوقۇقىنى

مەركەزلەشتۈرۈش ئېھتىياجى ئۈچۈن، بەزى جايلاردا فېودال ۋاڭ گۇڭلارنىڭ سىياسىي ئىمتىيازلىرىنى ۋە بەزى پومېشچىكلارنىڭ باج كوتۇرە ئېلىش ئىمتىيازلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستاننىڭ پۈتۈن فېودالىلىق يەر تۈزۈمى ساقلىنىپ قېلىۋەدى. 1958 ـ ژىلى ھىندىستان مالىيە بۇسى ئېلان قىلغان 1954 ـ، 1955 ـ ژىللىرىدىكى «مەملىكەت بويىچە نۇسخە تېرىقسىدە تەكشۈرۈش» ماتېرىيالىغا قارىغاندا، ھىندىستان يېزىلىرىدا يەرلەرنىڭ تەخسىم قىلىنىش ئەھۋالى مۇنداق: يېزا ئىگىلىكىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانى- نىڭ 75% ىنى تەشكىل قىلىدىغان كەمبەغەل ـ يالىلانما دىخانلار ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 17% ىگە؛ 12.5% ىنى تەشكىل قىلىدىغان توۋەن ئوتتۇرا دىخانلار ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 16.5% ىگە؛ 8.5% ىنى تەشكىل قىلىدىغان ژۇقۇرى ئوتتۇرا دىخانلار، باي دىخانلار ۋە تىجارەتچى پومېشچىكلار ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 32.5% ىگە؛ 4% ىنى تەشكىل قىلىدىغان فېودال ـ پومېشچىكلار ۋە چوڭ باي دىخانلار بولسا، ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 34% ىگە ئىگە. يېقىنقى ژىللاردىن بۇيان فېودال ـ پومېشچىكلار ئىجارىگە بەرگەن يەرلىرىنى كوپلەپ تارتىۋېلىپ، يەرلەرنى تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرگەن- لىكتىن، كەمبەغەل ـ يالالانما دىخانلارنىڭ سېپى تېخىمۇ كېڭەيدى.

ھىندىستان ئەمگەك بۇسى ئېلان قىلغان يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىنى تەكشۈرۈش دوكلادىغا قارىغاندا، 1951 ـ 1952 ـ ژىلىغىچە قەرزدار دى- خان ئائىلىلىرى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 44.5% ىنى تەشكىل قىلغان بولسا، 1956 ـ 1957 ـ ژىلىغىچە 64.5% كە كوپەي- گەن. 1960 ـ ژىلى ھوكۈمەت تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشچە، دىخانلارنىڭ قەرزى 9 ملليارد رۇپىغا يەتكەن. 1961 ـ ژىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھىندىستان ھوكۈمىتى نەشر قىلغان «پلان» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلى

«يېزا پرولېتارلىرى ــ يەرسىز ياللانما دىخانلارنىڭ ئورنى ھېچقانداق ئۆلگىرلەشكە ئىگە بولمىدى. ئەمەلىيەتتە مال باھاسى ئۇمۇمۈزلۈك ئېشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ئورنى ئەگەر بىرەر ئۆزگۈرۈش ياسايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تېخىمۇ بەتتەرلىشىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

ژۇقۇرىدا ئېيتىلغان خىلمۇ-خىل ئىختىسادىي ئەھۋاللار ئاستىدا، نېھرۇنىڭ كونگرېس پارتىيىسىنىڭ ئىناۋىتى بارغانسىرى تۆۋەنلەشمەكتە، كەڭ خەلقنىڭ نارازىلىقى ۋە قارشىلىقى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. زور كولەملىك ئىش تاشلاش كۈرەشلىرى ۋە يەر تەلەپ قىلىش كۈرەشلىرى كەينى-كەيندىن كوتۇرۇلمەكتە. 1957-ژىلى ھىندىستاننىڭ ئىككىنچى نوۋەتلىك ئۇمۇمىي سايلىمىدا ھىندىستان گۇڭچەنداڭنىڭ كارارا شتاتىدىكى غەلىبىسى، 1958-ژىلى غەربىي بىنگال ۋە شىمالىي شتاتلىرىدىكى ئاچارچىلىققا قارشى كۈرەش، 1959-ژىلى پەنجاپ شتاتىدىكى دىخانلارنىڭ باجغا قارشى كۈرىشى، 1959-ژىلى غەربىي بىنگال شتاتىدىكى بىر مىللىون 500 مىڭدىن ئارتۇق خەلقنىڭ ئاشلىق كۈرىشى، 1960-ژىلى مەركىزىي ھوكۇمەت دائىرىسىدىكى 500 مىڭ ياللانما خادىمىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشى، 1961-ۋە 1962-ژىللىرى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەۋج ئالغان باجغا قارشى كۈرەش ۋە نۇرغۇن جايلاردىكى يەر كۈرەشلىرى ــ مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى يېقىنقى ژىللاردىن بۇيان ھىندىستاندىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقانلىقى ۋە نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ سىياسىي بوھرانىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم ئالامەتلىرىدۇر.

نېھرۇ ھېمىشە «ماركسىزمنىڭ ۋاختى ئۆتتى» دەپ ۋالاخشىيدۇ ۋە

ئۆزىنىڭ «تاقەت قىلىش»، «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەسلىك» ھەم «تىنچ ئۇسۇل» دېگەن پەلسەپىسىنى تەرغىپ قىلىدۇ. لېكىن ھىندىستاندىكى ئەمەلىي ئەھۋال ئۇنىڭ مۇنداق پەلسەپىسىنى ئىنتايىن قاتتىق مەسخىرە قىلدى. نېھرۇ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودال كۈچلەرگە نىسبەتەن ھەقىقەتەن تاقەت قىلىۋاتىدۇ، خەلققە ۋە ئىلغار كۈچلەرگە بولسا «تاقەت» قىلغىنى يوق، بولۇپمۇ «زورلۇق كۈچى ئىشلەتمەي» تۇرغىنى يوق. نېھرۇ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن خەلق ئاممىسىنى ۋە ئىلغار كۈچلەرنى زورلۇق كۈچى بىلەن باستۇرۇپ، گۇڭچەنداڭغا ۋە خەلققە قارشى تۇرۇشنىڭ ماھىرى بولۇپ قالدى.

ھىندىستان ھۆكۈمىتى دائىرىلىرى ئېلان قىلغان رەقەملەرگە قارىغاندا، ھىندىستان مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ 1950-يىلى 8-ئايغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە ھىندىستان ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنىڭ ئاممىغا ئوق چىقىرىشى 1982 قېتىمغا يەتكەن، 3784 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەن، 10مىڭ كىشىنى يارىدار قىلغان، 50 مىڭ كىشىنى نەزەربەنت قىلغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئاممىسىغا زورلۇق كۈچى ئىشلىتىش ۋەقەلىرى تېخىمۇ كۆپەيمەكتە. نېھرۇ كارالا شتاتىدىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى زورلۇق كۈچى ئىشلىتىشكە ئوچۇقتىن-ئوچۇق رىغبەتلەندۈرۈپ، 1959-يىلى 7-ئايدا ھىندىستان گۇڭچەنداڭى رەھبەرلىكىدىكى كارالا شتاتى ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. نېھرۇ ھۆكۈمىتى كەڭ خەلقنىڭ تۇرمۇش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە نىسبەتەن زور كۆلەملىك باستۇرۇش تەدبىرلىرىنى قوللاندى، 1959-يىلى 8-، 9-ئايلاردا غەربىي بىنگالدىكى ئاشلىق كۈرىشىدىلا 80 كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى، 3000 كىشىنى يارىدار قىلدى، 20 مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى قولغا ئالدى. ھىندىستاننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى پراسادمۇ 1960-يىلى

11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى دېھلىدە ئوتكۈزۈلگەن شتات باشلىقلىرى ژىـ
غىنىدا، 13 ژىلدىن بۇيان ھىندىستاندا يۈز بەرگەن ساقچىلارنىڭ
ئوق چىقىرىش ۋەقەسى ئەنگلىيە ھوكۇمرانلىق قىلغان ۋاقىتلاردىـ
كىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى.

نېھرۇ ھوكۇمىتى ھىندىستاندىكى نۇرغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەتـ
لەرگە نىسبەتەن ناھايىتى پاجىلىك باستۇرۇش ژۈرگۈزدى. ماتېرىيالـ
لاردا كورسۈتۈلۈشىچە، كوپ ژىللاردىن بۇيان ھىندىستاننىڭ
شەرقىي شىمال قىسمىدىكى ناجا مىللىتىدىن بولغان بىرقانچە 10 مىڭ
كىشى ھىندىستان قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغان، بىرقانچە
10 مىڭ كىشى لاگېرلارغا قاماپ قويۇلغان. ھەتتا ئەنگلىيىدە چىقىـ
دىغان «تى ئوبسېرۋېر» گېزىتىمۇ يېقىنقى بىر ماقالىسىدا ھىندىستان
ھوكۇمىتىنىڭ «ئىرقىنى يوقۇتۇش» ژۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنى كورسەتتى.

نېھرۇ 1934 ـ ژىلى يازغان «دۇنيا تارىخىغا بىر نەزەر»دە مۇنداق
دېگەن ئىدى: «كاپىتالىزمدا تېخى دېموكراتىيە ئاپپاراتىدىن پايـ
دىلىنىپ، ھاكىمىيەتنى ساقلاپ قالىدىغان ۋە ئىشچىلارنى باستۇرۇـ
يدىغان ئىمكانىيەت بارلا بولىدىكەن، دېموكراتىيە رىۋاجلىنىشى
مۇمكىن؛ كاپىتالىزم مۇنداق ئىمكانىيەت قالمىغان چاغدا، دېموـ
كراتىيىدىن ۋاز كېچىپ، ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق فاشىزم زوراۋانلىقى ۋە
تېررورلىقى ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ». (لوندون لىندسەي. دىرامون
مەسىدارلىق گۈگسىسىنىڭ 1949 ـ ژىل 4 ـ نەشرى، 826 ـ بەت).
بۇ، شۇ ۋاقىتتا ئوزىنىڭ بۇ سوزلىرىنىڭ بىر مۇنچە ژىللاردىن
كېيىن نەق ئوزىگە قارىتىلغان تەسۋىر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كوزدە
تۇتمىغان ئىدى.

ھىندىستاننىڭ مۇشۇنداق ئىختىسادىي ۋە سىياسىي رىيال تۇرمۇشى
الدىدا، نېھرۇنىڭ ھىندىستاندا «سوتسىيالىزم تىپىدىكى جەمئىيەت»

قوروش دەپ ماختىغان نىمسى باشتىن ـ ئاياق ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ؟ ئاۋش لۇگدۇەن كاپىتال گورۇھىنىڭ جارچىسى خارىمان 1959 ـ ژىلى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنى نېھرۇنىڭ «سوتسىالىزمى» ئۇستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ (نېھرۇغا ئوخشاشلارنى دېمەكچى) بۇ ئىبارىنى («سوتسىالىزم»نى دېمەكچى) ئىشلىتىشى ياخشى ئىش. ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا بۇ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان ئىبارىدۇر، ئۇ يەردە كاپىتالىزم گوياكى مۇستەملىكىچىلىككە باراۋەر، باشقىچە ئېيتقاندا، گوياكى مۇستەملىكىچىلىككە مەنىداش سوزدۇر. ھىندىستانلىقلار (نېھرۇغا ئوخشاشلارنى دېمەكچى) بۇ ئىبارىنى گۇگۈچەنداگىنىڭ قولىدىن ئالدى». خارىماننىڭ بۇ سوزى نېھرۇنىڭ «سوتسىالىزم تىپىدىكى جەمئىيەت» دېگەن بىر نىمىسىنىڭ زادى قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى تولۇق چۇشەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ھەر قانداق دولەتنىڭ مەلۇم تاشقى سىياسىتى ھامان مەلۇم ئىچكى سىياسىتىنىڭ داۋامى ھېساپلىنىدۇ. نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى، ئۇنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئوخشاشلا، ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى سىنىپي ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

نېھرۇ ھوكۇمىتى بىر مەزگىل دۇنيا تېچلىقىغا پايدىلىق بەزى ئىشلارنى قىلغان. ئۇ، جاھانگىرلىكنىڭ ھەربىي گورۇھىغا قاتنىشىشنى، جاھانگىرلىكنىڭ ھىندىستاندا ھەربىي بازا قورۇشنى رەت قىلىپ، «ئىتتىپاق تۇزمەسلىك» سىياسىتىنى ژۇرگۇزۇدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ، سوتسىالىستىك دولەتلەر بىلەن تېچلىقتا بىللە تۇرۇش تەشەببۇسىدا بولغان ھەمدە تېچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپىنى جۇڭگو بىلەن بىللە تەشەببۇس قىلغان ئىدى. نېھرۇ ھوكۇمىتى 1 ـ قېتىملىق ئاسىيا ـ ئافرىكا ژىغىنىنى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىۋ رول ئوينىدى. لېكىن شۇ مەزگىللەردە يەنە

نېھرۇ جاھانگىرلىكنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ زور-زور تاجاۋۇزچىلىق ھەركەتلىرىگە ناھايىتى ئاز قارشى تۇرۇپ، ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ ھەققانىي كۈرەشلىرىگە ۋە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە بولسا ئۆزلۈكسىز ھۇجۇم قىلدى. خەلقارا ئىشلاردىكى نۇرغۇنلىغان زور-زور ھالقىلىق مەسىلىلەردە نېھرۇ دائىم جاھانگىرلىك تەرەپتە تۇرۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن جاھانگىرلىككە نىسبەتەن «كىچىك تەنقىت، چوڭ ياردەم» سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. مەسىلەن، ئاقش چاۋشيەنگە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغىغان مەزگىللەردە، ھىندىستان ھۆكۈمىتى 1952-يىلى 11-ئايدا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ئاقشنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مەجبۇرى تۇتۇپ قېلىشنى قوللاش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1956-يىلى ۋېنگرىيە ئەكسىلئىنقىلاۋىي ۋەقەسىدە، نېھرۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا يامان نىيەت بىلەن توھمەت قىلدى ھەمدە ۋېنگرىيە ئىشچى-دېھقان ئىنقىلاۋىي ھۆكۈمىتىگە ھۇجۇم قىلدى. 1958-يىلى ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى لىۋان ۋە ئىئوردانىيىگە ئەسكەر چىقىرىش ۋەقەسىدە، نېھرۇ ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئاقش، ئەنگلىيە تاجاۋۇزچىلىرىنى ئاقلاپ، بۇ، «ئۇلارنىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان»، دەپ قارىدى. نېھرۇ ئىراق خەلقىنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى بولغان پايسالىنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىندى. 1958-يىلى نېھرۇ «ئاساسىي ئۇسۇل» دېگەن ماقالىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنى «زورلۇق ئىشلەتتى»، دەپ قارىلىدى. ئۇ، ھەر قايسى ئەللەر كوممۇنىستلىرىنىڭ يۇگوسلاۋىيە ھازىرقى زامان شيۇجېڭ-جۇيىسىنى تەنقىت قىلغانلىقىنى «باشقا دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىش»، دەپ توھمەت قىلدى، ۋېنگرىيە خەلقىنىڭ ۋەتەن خائىنى ناگىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى «دۇنيا ۋەزىيىتىدىكى كەسكىنلىكلەرنى كۈچەيتىۋەتتى»، دەپ ھۇجۇم قىلدى.

يېقىنقى بىر نەچچە ژىلدىن بۇيان، ھىندىستاننىڭ ئىچكى ۋەزئىيىتىنىڭ ۋە خەلقارا ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگۈرۈشكە ئەگىشىپ، نېھرۇنىڭ تاشقى سىياسىتى تېخىمۇ روشەن ھالدا جاھانگىرلىككە جىپسىلىشىپ كەتتى. مەملىكەت ئىچىدىكى ئىختىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىق ھەم بوھرانغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، نېھرۇ ھوكۇمىتى خەلقنى بېسقتۇرۇشنى كۈچەيتكەن ۋە خەلقنى ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىشنى ئېغىرلاشتۇرغاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭ ئاساسىي چارىسى جاھانگىرلىكنىڭ قوينىغا يەنىمۇ ئىلگىرلەپ كىرىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاختتا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى سوتسىالىزمنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش، بولۇپمۇ جۇڭگودىكى سوتسىالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەسىرىگە قارشى تۇرۇش، مىللىي - ئازاتلىق ھەركەتلەرنى توسۇپ، ئوتتۇرىدىكى رايونلارنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن، نېھرۇنىڭ رولىغا تېخىمۇ كوزى چۈشتى. كاپىتالىزمنىڭ ئومۇمىي بوھرانى كۈنسايىن كەسكىنلىشىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئاقش لۈكدۈەن كاپىتالى ھىندىستانغا سىڭىپ كىرىپ، ھىندىستاننى ئاقش نىڭ توۋار ۋە كاپىتال چىقىرىدىغان مۇھىم بازىرىغا ئايلاندۇرۇشقا تېخىمۇ ئۈرۈندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ بىر قانچە ژىللاردىن بۇيان، ئاقش نېھرۇ ھوكۇمىتىگە قاراتقان سىياسىتىنى روشەن ھالدا ئۆزگەرتتى، نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ «ئىتتىپاق تۈزمەسلىك» سىياسىتىگە قارشى تۇرۇشتىن نېھرۇ ھوكۇمىتىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشكە، ھىندىستاندىكى چوڭ بۇرژۇئازىيىنى ماشىنا ۋە تېخنىكا بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلىشتىن ھىندىستاندىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھىندىستان خەلقىنى بىرلىكتە ئېكسپلوئاتاتسىيە قىلىشقا ئۆزگەردى. ژىغىپ ئېيتقاندا، ئامېرىكا جاھانگىرلىكى نېھرۇ ۋەكىللىكىدىكى ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيە-

www.uyghurkitap.com

سىگە نىسبەتەن ژۇقۇرى باھادا سېتىۋېلىش سىياسىتىنى ژۇرگۇزدى.

ئەگەر 10 نەچچە ژىلدىن بۇيان ئاقىش ۋە ئۇنىڭ چاڭگىلىدىكى خەلقارا پۇل مۇئامىلە ئورگانلىرىنىڭ ھىندىستانغا بەرگەن «ياردەمى» نىڭ مىقدارىنى بىر قۇر تەھلىل قىلىپ كورۇدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا بەرگەن «ياردەمى» نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگوغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ بارومېترى ئىكەنلىگىنى بايقىۋالغىلى بولۇدۇ. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 1949-ژىلدىن 1956-ژىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا بەرگەن «ياردەمى» 789 مىللىيون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ژىلىغا 105 مىللىيون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا توغرى كەلگەن. 1956-ژىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1959-ژىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، يەنى نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ تاشقى سىياسىتى پەيدىن-پەي ئوڭغا بۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا بەرگەن «ياردەمى» بىر مىلليارد 936 مىللىيون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ژىلىغا 645 مىللىيون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى توغرى كەلگەن. 1959-ژىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 1962-ژىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، يەنى نېھرۇ ھوكۇمىتى جۇڭگوغا قارشى ھەركەت پەيدا قىلغاندىن كېيىن بولسا، ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا بەرگەن «ياردەمى» 3 مىلليارد 872 مىللىيون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن ژىلىغا بىر مىلليارد 290 مىللىيون 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن.

دەل مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، يېقىنقى ژىللاردىن بۇيان، نېھرۇ خەلقارا ئىشلاردا ئەمەلىيەتتە جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى بايراقنى تاشلاپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلۇشۇپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ئۈچۈن چاپىدىغان ۋە دوس

تارتىپ بېرىدىغان جارچىغا ئايلىنىپ قالدى، ھەتتا ھىندىستان قو-
شۇنلىرىنى ئاشكارا ھالدا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ مىللىي-ئازات-
لىق ھەرىكەتلەرىنى بېسىقتۇرۇدىغان خەلقارا ساقچىسىغا ئايلاندۇردى.
نېھرۇ 1960-ژىلى ياپونىيە خەلقىنىڭ ئاق ش-ياپونىيە ھەربىي
ئىتتىپاقى شەرتنامىسىغا قارشى ئۇلۇق كۈرەشنى قوللىماي ۋە ئۇنىڭغا
خەيرى-خالىقمۇ بىلدۈرمەي، «بۇ مەسىلە مېنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىمغا
تېگىشلىك ئەمەس»، دېدى.

ئۇ، 1961-ژىلى 4-ئايدا ئاق ش يالاننىما قوشۇنلىرى كۇباغا
تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، «ھىندىستان كۇبانىڭ خەلقارا
ئەھۋالىغا - كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىگىگە باھا بېرەل-
مەيدۇ، ئۇنىڭ باھا بېرىش سالاھىيىتىمۇ يوق» دېدى.

1961-ژىلى 3-ئايدا مالى، بىرلەشكەن ئەرەپ جۇمھۇرىيىتى،
سەيلون، ھىندونېزىيە، ماراكەش، بىرما ۋە گىنىيە قاتارلىق ئاسىيا-
ئافرىكا دولەتلىرى جاھانگىرلىكنىڭ بىرلەشكەن دولەتلەر تەشكىلا-
تىدىن پايدىلىنىپ كونگوغا ئارىلىششىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش يۈزى-
سىدىن، كونگودىن ئۆز قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئارقا-
ئارقىدىن جاكالاۋاتقان بىر پەيتتە، نېھرۇ ھوكۇمىتى 3000 كىشىدىن
تەركىپ تاپقان ھىندىستان قوشۇنى (كېيىن تەخمىنەن 6000 كىشىگە
كۆپەيتىلدى) نى ئېۋەتىشكە ماقۇل بولۇپ، كونگودىكى «بىرلەشكەن
دولەتلەر تەشكىلاتى ئارمىيىسى»غا دەرمان بەردى، كونگو خەلقىنىڭ
مىللىي ئازاتلىق كۈرەشىنى بېسىقتۇردى، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ
كونگونى ژۇتۇۋېلىشىغا ياردەم بەردى. كونگونىڭ مىللىي قەھرىمانى
لومۇمبا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋارىسى گىزانگىمۇ قاماققا
ئېلىندى، بۇنىڭدا نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ مەلۇم جاۋاپكارلىقى بار.

1961-ژىلى 9-ئايدا، ئىتتىپاق تۈزمىگەن دولەتلەر باشلىقلىرى

ۋىغىنىدا، نېھرۇ بىر مۇنچە دولەتلەر باشلىقلىرىنىڭ پىكرىنىڭ ئەكسىچە، جاھانگىرلىككە، مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى «ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ» دەپ قاراپ، «باتۇرانە خىتاپنامە» ماقۇللاش ئارقىلىق جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكنى ئېيىپلاشقا قوشۇلمىدى، شۇنىڭ بىلەن غەرپ دولەتلىرىگە، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىگىگە چوڭ ياردەم بەردى.

1961 - يىلى 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «ئامېرىكا خەۋىرى ۋە دۇنيا ئاخباراتى»غا بېسىلغان «ئاق ئىنىڭ ئاسىيادا دو چىققان بۇ ئادەمگە ياخشى قاراپ بېقىڭلار» دېگەن سەرلەۋھىلىك ماقالىدا: «ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرۇ دۇنيادىكى سىياسەتچىلەر ئارىسىدا كېيىنبدى ھوكۇمىتى ئەڭ ئامىراق شەخسكە ئايلانماقتا»، دەپ يېزىلغان. ئاسىيا - ئافرىكا جامائەتچىلىكى بولسا، نېھرۇنىڭ خەلقارا ئىشلاردا ئوينىغان رولى ئۇنى «يامان نامغا قالدۇردى»، دېيىشتى. ھەتتا ھىندىستاننىڭ «ئاناندا بازار پاترىكا» ناملىق گېزىتىمۇ 1962 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى باش ماقالىسىدا ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ «دىپلوماتىيە جەھەتتە يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان»لىغى، «ھىندىستاننىڭ ئاسىيادا پۈتۈنلەي دېگىدەك دوستسىز قالغانلىغى»نى ئېتىراپ قىلدى. ھىندىستاننىڭ «بلىتس» ناملىق ھەپتىلىك ژۇرنىلىمۇ 1962 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قاتتىق ھەسرەت بىلەن ئاسىيا - ئافرىكا دولەتلىرى ئىچىدە «بىز ھىندىستانلىقلار (نېھرۇغا ئوخشاشلار دەپ ئوقۇلۇشى كېرەك) مۇتەئەسسىپلەرگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىمىز، ئەگەر ئەكسىيەتچى دېيىلمىگەن تەقدىردە» دەپ يازدى.

بۇنىڭدىن كورۇنۇدىكى، نېھرۇ ماختاپ ژۇرگەن «ئىتتىپاق تۈزمەسلىك» سىياسىتى بارغانسىرى بوشلۇقتا لەيلەپ ژۇرگەن پەردىگە ئايلانماقتا، ئەملىيەتتە ئۇ، بۇ پەردە ئاستىدا ھەر قايسى ئەللەر-

نىڭ مىللىي ـ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىگە قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ۋە جاھانگىرلىككە خىزمەت كورسۇتۇش سىياسىتىنى ژۇرگۇزمەكتە.

نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ماجىراسىنى پەيدا قىلىپ، جۇڭگوغا ئىغۋاگەرچە ـ لىك ژۇرگۇزۇشى، تاكى جۇڭگوغا كەڭ كولەمدە قۇراللىق ھۇجۇم قوزغاشقىچە بېرىپ يېتىشى ئۇلارنىڭ پۇتۇن ئىچكى ۋە تاشقى سىيا ـ سەتلىرى تېخىمۇ ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ ماڭغان ئەھۋال ئاستىدا يۇز بەردى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى — ئۇزىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىدە چىڭ تۇرغانلىقىدىن؛ جۇڭگو ـ ھىندىستان دوستلىقىنى زىيانغا ئۇچرۇتۇش، ئەكسىيەتچى مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوتۇرۇ ـ تۇش چارىسى ئارقىلىق ھىندىستان خەلقىنىڭ دىققەت نەزىرىنى بۇراپ، خەلقنى ئېزىشنى كۇچەيتىش ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىلغار كۇچلەرگە زەربە بېرىشكە ئۇرۇنغانلىقىدىن؛ جۇڭگوغا قارشى ھەركەت ئارقىلىق ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە ياخشىچاق بولۇپ، تېخىمۇ كوپ ئامېرىكا دوللىرى ئالماقچى بولغانلىقىدىن بولدى. ژىغىپ ئېيتقاندا، نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھى ئوز ئېھتىيا ـ جىنى، شۇنداقلا ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشنى مەخسەت قىلىپ، خەلقارادا جۇڭگوغا قارشى ھەركەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغۇچى مالايغا ئايلىنىپ قالدى. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ماجىراسىنىڭ مەنبىي ۋە ئۇنىڭ ئارقا كورۇنۇشى ئەنە شۇ.

## 3

ماركسىزم ـ لېنىنىزم بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە تۇرلۇك شارائىتتا تۇر ـ

لۇكچە تارىخىي رول ئوينايدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەزەلدىنلا ئەزگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكى بىلەن ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مىللەتچىلىكىنى، ئىلغار مىللەتچىلىك بىلەن ئەكسىيەتچى مىللەتچىلىكنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ كەلدى ھەمدە مۇشۇنداق پەرقلەرگە ئاساسەن ئوخشاشمىغان پوزىتسىيە قوللىنىپ كەلدى.

يېقىنقى زاماندا مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە فېئودال كۈچلىرى بىلەن زىددىيىتى بولغاچقا، ئۇلار، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىققا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشلەرگە مەلۇم تارىخىي مەزگىللەردە ۋە مەلۇم دەرىجىدە قاتنىشالايدۇ، شۇ مەنىدىن ئالغاندا ئۇلار تارىخىي ئىلغارلىققا ئىگە. خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «مۇنداق مىللەتچىلىكنىڭ تۇغۇلۇشى تارىخىي ئاساسقا ئىگە» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 30 ـ توم، خەنزۇچە نەشرى، 139 ـ بەت). جۇڭگونىڭ بۇرژۇئا مىللىي ـ دېموكراتىك ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە، سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئىجرا قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىشىش، گۇڭچەنداڭ بىلەن بىرلىشىش ۋە ئىشچى ـ دېھقانلارغا ياردەم بېرىش سىياسىتى ئىلغار مىللەتچىلىكنىڭ ئەڭ روشەن مىسالىدۇر. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ مەملىكەتلەرنىڭ بۇرژۇئازىيىسى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ئورنى تۈپەيلىدىن جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزم بىلەن مۇرەسسە قىلىش، جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىققا قارشى ئىنقىلاپتا تەۋرىنىش خاراكتېرىگىمۇ ئىگە. ئۇلار ئىچىدىكى جاھانگىرلىك ۋە ئىچكى فېئودال كۈچلەر مەنپەئىتى بىلەن زىچ بىرلىشىپ كەتكەن بىر قىسىم چوڭ بۇرژۇئازىيە بولسا، بۇرژۇئازىيە ئىچىدىكى ئەكسىيەتچىلەردۇر. ئۇلار مەلۇم شارائىتتا مىللىي ـ مۇستەقىللىق ھەركەتلەرگە قاتناشسىمۇ، لېكىن، كەڭ خەلق

ئاممىسى ھەقىقىي تۈردە قوزغالغان چاغدا، سىنىپىي كۈرەش ئۆتكۈرلەشكەن چاغدا، جاھانگىرلىكنىڭ سېتىۋېلىشى ئارقىسىدا، ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئىچكى جەھەتتە خەلقنى، گۇڭچەنداڭنى ۋە ئىلغار كۈچلەرنى بېسىقتۇرۇدۇ، تاشقى جەھەتتە پۈتۈنلەي جاھانگىرلىكنىڭ قوينىغا كىرىپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە قارشى تۇرۇدۇ. جۇڭگو خەلقى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان جياڭ جيېشى ئەكسىيەتچىلىرى دەل بۇنىڭ ئەڭ روشەن مىسالىدۇر.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدا بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى رەھبەرلىك قىلغان بىر مۇنچە يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر مۇنچە مىللەتچى دۆلەتلەر جاھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە مۇداخىلىسىگە، يېڭى-كونا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ تىزگىنلىشى ۋە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىغا داۋاملىق ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇلاردا جاھانگىرلىككە ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرۇدىغان، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدىغان ئورتاق ئارزۇ بار. ئۇلار جاھانگىرلىككە، يېڭى-كونا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى داۋاملىق كۈرەش ئېلىپ بارماقتا ھەمدە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىلەن دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ھەم ئۇنى رىۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق دۇنيا تىنچلىقىغا ئىجابىي ھەسسىلەر قوشماقتا.

مەملىكەت خەلقىمىزمۇ، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى مىللەتچى ئەللەر خەلقلىرىمۇ جاھانگىرلىكنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ۋە تالان-تاراجلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن. تا ھازىرغا قەدەر جۇڭگو يەنىلا ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىماقتا، جۇڭگو زېمىنى تەيۋەننى ھېلىمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ئىشغال قىلىپ تۇرماقتا. مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ مىللەتچى ئەللەر خەلقلىرىگە

كۈچلۈك خەيرىخاھلىق بىلدۈرۈشى ۋە غەمخورلۇق قىلىشى ناھايىتى تەبىئىيدۇر.

مىللەتچى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن دۆلىتىمىز سىياسىتىنىڭ ئاساسى قىلىدىغىنى مۇنۇلار: بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىز بىلەن مىللەتچى دۆلەتلەرنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئورتاق ۋەزىپىسى ئورتاق دۈشمەنلىرىمىزگە، يەنى جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇش. جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشلەردە بىر-بىرىمىزنى قوللىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىز مىللەتچى دۆلەتلەرنىڭ جاھانگىرلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىككە قارشى كۈرەشلىرىنى باشتىن-ئاياق قەتئىي تەۋرەنمەي پائال قوللايدۇ. ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىز بۇ دۆلەتلەر بىلەن تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى ھەم ئۇنى رىۋاجلاندۇرۇشى لازىم ۋە تامامەن مۇمكىن. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مەۋجۇت تالاش-تارتىشلارنى بەش پرىنسىپ ۋە باندۇڭ روھىغا ئاساسەن، دوستانە كېڭىشىش ئارقىلىق مۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىم ۋە تامامەن مۇمكىن.

دۆلىتىمىز ھىندىستان بىلەن مەڭگۈ دوستانە ئۆتۈشنىمۇ ھېچ ئېغىشماستىن قەتئىي ئۈمىت قىلىدۇ. جۇڭگو-ھىندىستان خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەت ئۇزۇن تارىخىي ئەنئەنىگە ئىگە. بىز ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تۈپ پايدا-زىيان توقۇنۇشى يوق. 1954-يىلى ھۆكۈمىتىمىز ھىندىستان ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلىكتە تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئاساستا ئورنىتىلغان جۇڭگو-ھىندىستان مۇناسىۋىتى ئوبدان ئۆتكەن ئىدى. جۇڭگو خەلقى ھىندىستان خەلقىگە ئوخشاشلا، جۇڭگو-ھىندىستان دۆلەت-

لىرىنىڭ ئۇتمۇشتە دوستانە ئۆتكەن ژىللىرىنى ئەسلەيدۇ. لېكىن، ئۇتمۇشتە جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتى ئۇبدان بولغان بىرمەزگىلـ دىمۇ، نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھى دولەـ تىمىزنىڭ شىزاڭغا قايتا ـ قايتا ئارىلىشىپ، دولىتىمىزنىڭ شىزاڭغا نىسبەتەن كېڭەيمىچىلىك قارا نىيىتىدە بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز- لىرىنىڭ ئەكسىيەتچى مىللەتچىلىك سىياسىتىنى پاش قىلىپ قويدى. 1959 ـ ژىلى نېھرۇ شىزاڭدىكى ژۇقۇرى قاتلام ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنى ئىسيان كوتۇرۇشكە قۇتۇرۇتۇپ مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭغا قاراتقان كېڭەيمىچىلىك خىيالى تارمار بولغان چاغدا، نېھرۇنىڭ پۇتۇن ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرى تېخىمۇ ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ ماڭغان چاغدا، ئۇ، يۇزىنى ئورۇپلا كىشى تونۇمايدىغان بولۇۋېلىپ، جۇڭگو بىلەن دوستانە ئۇتۇشتىن بىردىنلا جۇڭگوغا غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرۇشقا ئۆزگەردى.

نېھرۇنىڭ مۇنداق تۇتۇرۇقسىز، ئۆزگۇرۇچان قىلىقلىرى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۆزىنىڭ «تۇرمۇش پەلسەپىسى»گە ئۇيغۇن كېلىدۇ. نېھرۇ «ھىندىستاننىڭ تېپىلىشى» دېگەن ئەسىرىدە «كىشىلىك ھاياتى ناھايىتى چىگىش، مۇرەككەپ بولۇپ كەتتى... شۇڭا ئۇنى مەلۇم بىرخىل ئۆزگەرمەس مەسلەك دائىرىسى ئىچىدە چەكلەپ قويۇش مۇمكىن ئەمەس»، دېگەن ئىدى (لوندون مالىديان كىتاپچىلىق ھەس- سىدارلىق گۇڭسىسىنىڭ 1951 ـ ژىل 3 ـ نەشرى، 16 ـ بەت، شىجيې جۇشى نەشرىياتى 1956 ـ ژىل خەنزۇچە نەشرى، 22 ـ بەت). ئۇ، يەنە مۇنداق دېگەن ئىدى: «شەخس بەلگىلىۋالغان ھەقىقەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىش بىلەن تۇرمۇشتىكى، بولۇپمۇ سىياسى تۇرمۇش- تىكى جىددىي پەيت ھەم ۋاختىلىق شۇغۇللۇنۇدىغان ئىشلارنى تەڭ- شەش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس» (شۇ كىتاپ، ئىنگلىزچە نۇسخىسى،

421 ـ بەت، خەنزۇچە نەشرى، 598 ـ بەت). ئۇ، ۋاختىلىق تەدبىرنى ھەركەتنىڭ ئۇلچىمى قىلىپ، ئۇنى سىياسەتتە «ئۇمۇمى قانۇنىيەت» دەپ ھىساپلايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ مەلۇم چاغلاردا سىزگە دوستانىلىق بىلدۈرۈشى ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ سىز بىلەن «يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان ژىللارغىچە قارىمۇ ـ قارشى تۇرۇشى» ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ؛ ئۇنىڭ سىزنى «تازىلىۋېتىشى» مۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. نېھرۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياستىگە ئەنە شۇنداق «پەلسەپە» بىلەن يېتەكچىلىك قىلماقتا. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچى سىياستى ۋە ئۆزگۈرۈچان قىلىقلىرى ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرىنىڭ مەنپىئەتىنى كوزدە تۇتۇدۇ، نېھرۇنىڭ ئۆز سوزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا «زور پايدا» كەلتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈندۇر.

نېھرۇنىڭ ژۈرگۈزۈۋاتقان مۇنداق ئەكسىيەتچى مىللەتچىلىك سىياستىگە قارىتا ماركسىچى ـ لېنىنچىلار زادى قانداق مەيداندا تۇرۇشى كېرەك؟

بىز بۇ يەردە مۇندىن 30 نەچچە ژىل بۇرۇنقى جۇڭگو تارىخىنىڭ بىر قىسمىنى ئەسلەپ ئۆتسەك، ئارتۇق بولماس.

خەلقىمىزنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتىكى، سوۋېت ئىتتىپاقى تېخى دۇنيادا بىردىن ـ بىر سوتسىيالىستىك دولەت بولۇپ تۇرغان چاغدا، ئۇ، جياڭ جيېشى ۋەكىللىك قىلغان جۇڭگو چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىك ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكىگە ۋە ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا سوۋېت ھوكۇمىتى جۇڭگو گومىنداڭىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن جياڭ جيېشى باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ئىنقىلاپقا ئاسىيلىق قىلىپ، جا-

ھانگىرلىكنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتكەنىدىن كېيىن، ھەدەپ گۇڭچەنـ
داڭغا ۋە خەلققە قارشى تۇرۇش بىلەن بىر ۋاختتا، دەرھال سوۋېت
ئىتتىپاقىغا قارشى غالجىرانە دولقۇن قوزغىغان ئىدى. 1927 ـ يىلى
12 ـ ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايـ
لىرىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەلچىخانىلىرىنى ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق
قورال كۈچى بىلەن بېكىتىۋەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىك
خادىملىرىنى قولغا ئالدى ۋە قىردى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان
دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزدى. ئۇنىڭدىن بىر يىلدىن كۆپرەك
ۋاختتىن كېيىن، 1929 ـ يىلى 7 ـ ئايدا گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى
يەنە، 1924 ـ يىلدىكى «جۇڭگو ـ روسسىيە كېلىشىمى» گە خىلاپلىق
قىلىپ جۇڭگودۇڭ كوچىسى ۋەقەسىنى پەيدا قىلىپ، 300دىن ئارتۇق
سوۋېت گۇڭمىنلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى قايتا ـ قايتا
سەۋر ـ تاقەت قىلغان ۋە يول قويغان، جۇڭگودۇڭ كوچىسى مەسىلەـ
سىنى مەجلىستە تىنچ ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ،
لېكىن جياڭ جيېشى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتـ
سىيىسىگە «سوۋېت ئىتتىپاقى يۇۋىشىپ قالدى، ئازراق قارشى تۇـ
رۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ»، دەپ قارىدى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا
گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قوشۇنلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرىسىغا
ھۇجۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىـ
سىدا قوراللىق توقۇنۇش پارتلىدى. شۇنداق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىـ
پاقى ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولۇپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىـ
نىڭ ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىكىنى مەغلۇپ قىلدى.

سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇچاغدا شۇنداق قىلىشى
توغرىمىدى؟ ئۇنىڭ پۈتۈنلەي توغرىلىقى ھەققىدە تارىخ ئاللىقاچان
خۇلاسە چىقاردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىـ

نىڭ ھەربىي ئىنغۋاگەرچىلىكىگە قەتئىي قايتۇرما زەربە بېرىشى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بىلەنلا قالماستىن، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنقىلاۋىي خەلقلەرنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن ئىدى.

بۈگۈنكى جۇڭگو ـ ھىندىستان مۇناسىۋىتى بۈنىڭدىن 30 نەچچە يىل ئىلگىرىكى سوۋېت ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە ئوخشۇشۇپ كېتىدىغان بەزى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

دۆلىتىمىز تاشقى سىياسىتىنىڭ پرىنسىپى، ھىندىستانغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ پرىنسىپى ئىزچىلدۇر. نېھرۇ ھۆكۈمىتى ئۈزلۈكسىز ئىنغۋاگەرچىلىك ژۈرگۈزۈۋاتقان بولسىمۇ، دۆلىتىمىز ھامان ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش پوزىتسىيىسىنى قوللاندى. يېقىنقى ۋاقىتتا كەلگەندە، نېھرۇ ھۆكۈمىتى كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇز قوزغىغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىز زېمىنىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ پۈتۈنلىگىنى قوغداش ئۈچۈن ۋە ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى تارمار قىلىش ئۈچۈنلا ئۆزىنى قوغداپ قايتۇرما زەربە بېرىشكە مەجبۇر بولدى. جۇڭگونىڭ بۇنداق قىلىشى تامامەن زورۇر، تامامەن ھەققانىي بولۇپ، ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن مەيدانىدۇر. خۇددى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر ۋە ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى خەلقلەرنىڭ ھېسداشلىقى ۋە قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ئىگە بولدۇق.

نېھرۇ ھۆكۈمىتى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ماجراسىنى قوزغىغاندىن كېيىن، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ خائىنى، جاھانگىرلىكنىڭ يالاقچىسى بولغان يۇگوسلاۋىيە ھازىرقى زامان شىيۇجىڭجۇيىچىلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە زادى قارىماي، نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگوغا قارشى غالجىرانە سىياسىتىنى



www.uyghurkitap.com

ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھىمايە قىلدى ۋە قوللىدى. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىدە تىتوغا ئوخشاشلار ئەزەلدىن جۇڭگوغا شەرمەندىلەرچە بوھتان قىلىپ، جاھانگىرلىك ۋە ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ گۇپپاڭچىسى بولۇپ كەلدى. تىتو يەنە، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىدە جۇڭگوغا نىسبەتەن «تىنجىتىش رولى» نى ئوينىشى لازىم دەپ جويلىدى. تىتو گۇرۇھىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، بىر سوتسىالىستىك دولەت مەلۇم بىر مەملىكەت بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، يەنە بىر سوتسىالىستىك دولەت بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدە تۇرۇپ، تاجاۋۇزغا ئۇچرىغان بىر سوتسىالىستىك دولەتكە نىسبەتەن، قانداقتۇر، «تىنجىتىش رولى» نى ئوينىشى كېرەكمىدى؟ تىتو گۇرۇھىنىڭ مۇنداق سەپسەتىلىرى ئۇلارنىڭ سوتسىالىزمغا خائىنلىق قىلغان، سوتسىالىستىك جۇڭگوغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان، سوتسىالىستىك دولەتلەر مۇناسىۋىتىگە بولگۇنچىلىك سالىدىغان خائىنلىق ئەپتى ـ بەشىرىسىنى يەنىمۇ تولۇق ئېچىپ بەردى.

ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئەزەلدىن كورسۇتۇپ كەلمەكتىكى، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى بىلەن پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى باشقا ـ باشقا ئىككى سىنىپنىڭ بىر ـ بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ ـ قارشى بولغان ئىككى خىل دۇنيا قارىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. كوممۇنىستلار ئىلغار بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى بىلەن چەكىنى ئايرىشى ھەم ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى كۇرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم.

بۇندىن 30 نەچچە ژىل بۇرۇن جۇڭگونىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەرىكەت قوزغىغان چاغدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى مىللەتچىلىك

قورىغا چۈشمىگەن. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىلغار كىشىلەر بىلەن بىللە گومىنداڭ ھوكۇمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جىنايى ھەرىكىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيى 1927 - يىلى 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خىتاپنامە ئېلان قىلىپ، مۇنۇلارنى تەنتەنىلىك يوسۇندا جاكالىغان ئىدى: «ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتى ئىنقىلاۋىي جۇڭگوغا مۇتلەق ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ «روسسىيە بىلەن بولغان[1] دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش» توغرىسىدىكى بارلىق بۇيرۇقلىرى ھەرگىز جۇڭگودىكى كەڭ - كوپچىلىك خەلقىنىڭ ئومۇمىي ئىرادىسى ئەمەس، ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھوكۇمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنى دۈشمەن دەپ قارىسا، بىز خەلق ئاممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنى جۇڭگونىڭ ياخشى دوستى دەپ قارايمىز، بىز ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈ بىرلىشىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە دۇنيا ئىنقىلاۋى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز». گومىنداڭ ئىنقىلاۋىي گۇرۇھىنىڭ رەھبىرى سۇڭ چىڭلىڭمۇ شۇ ۋاقىتتا گومىنداڭ دائىرىلىرىگە تېلېگرامما ئېۋەتىپ، ئۇلارنى «پارتىيە ۋە دولەتكە زىيانداشلىق قىلغۇچى جىنايەتچىلەر» دەپ ئەيىپلىگەن ئىدى. 1929 - يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيى يەنە بىر قېتىم خىتاپنامە ئېلان قىلىپ «كەڭ ئاممىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش»قا قەتئىي چاقىردى. جۇڭگو گۇڭچەنداڭى جۇڭياڭ ۋېيىۋەنخۇيىنىڭ چاقىرىقى ئاستىدا جۇڭگو كوممۇنىستلىرى كەڭ خەلق بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ دەھشەتلىك بېسىقتۇرۇشى ۋە زىيانكەشلىك قىلىشىغا قارىماي، قەھرىمانىلىق بىلەن ئاممىۋىي يىغىلىش ۋە نامايىشلار ئوتكۈزۈپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ھەربىي ئىغۋاگەرچىلىك قوزغىشىغا قەتئىي قارشى تۇردى. كوپلىگەن كوم-

مۇنىستلار، ئىشچىلار، دىخانلار، ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىلغار كىشىلەر بۇ يولدا ئۆز هاياتىنى شەرەپلىك هالدا قۇربان قىلدى.

جۇڭگو گۆڭچەنداڭى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىنى قوللاپ توغرى قىلغان- مىدى؟ شەك-شۈبهىسىزكى، پۈتۈنلەي توغرى قىلغان ئىدى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىلا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى دولقۇندا گومىنداڭ ئەك- سىيەتچىلىرىنىڭ تار مىللەتچىلىكنى قوزغايدىغان ئالدامچىلىق تەش- ۋىقاتىنى ئۈزۈل-كېسىل پاش قىلىپ تاشلىدى. جۇڭگو كوممۇنىست- لىرىلا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدىمۇ ھەقىقەتتە چىڭ تۇردى، جۇڭگو- سوۋېت خەلقلىرىنىڭ دوستلىقىنى قەتئىي قوغدىدى. بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ شەرەپلىك ھېس قىلىدىغىنىمىز شۇكى، شۇ قېتىمقى ۋەقەدە، ئەشۇنداق يامان شارائىتتا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي سادىق ئىكەنلىكىنى، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىو- نالىزمى پرىنسىپلىرىغا ھەقىقىي سادىق ئىكەنلىكىنى ئۆز ھەرىكىتى بىلەن كۆرسەتكەن ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ھىندىستان كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار كىشىلىرى- نىڭ تۇرغان شارائىتىدىمۇ مۇندىن 30 نەچچە يىل بۇرۇن جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە ئىلغار كىشىلىرىنىڭ تۇرغان شارائىتىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزەن ئەھۋاللار بار. نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسىتى ئاستىدا ھىندىستان گۆڭچەنداڭى ۋە ئىلغار كۈچلىرى زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچرىدى. نېھرۇ ھۆكۈمىتى ھەر قېتىم جۇڭگوغا قارشى دولقۇن قوزغىغاندا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتىلا، ھىندىستان گۆڭچەنداڭى ۋە ئىلغار كۈچلىرىگىمۇ ھۇجۇم قىلدى. لېكىن نۇرغۇن كوممۇنىستلار ۋە ئىلغار كىشىلەر، نۇرغۇن ئويغانغان ئىشچىلار، دىخانلار، زىيالىلار ۋە ئادىل كىشىلەر ھىندىستان ھۆكۈمرانلار

گورۇھىنىڭ ئەكسىيەتچى تەشۋىقاتىغا ئالدىنىپ كەتكىنى يوق، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا تىز پۈككىنىمۇ يوق. ئۇلار ناھايىتى قەيسىن شارائىتتا ھىندىستان خەلقىنىڭ مەنپەتى ئۈچۈن ھەققەتتە، ئادالەتلىكتە ۋە ھىندىستان ـ جۇڭگو دوستلىقى يولىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىگىلمەي ـ سۇنماي كۈرەش قىلدى. تارىخ شۇلارنىڭلا ئۇلۇق ھىندىستان مىللىتى ۋە ھىندىستان خەلقى مەنپەتىنىڭ ھەقىقىي ۋەكىللىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ھىندىستان ئەكسىيەتچىلىرى ھەم ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى گۇپپاڭچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قارشى چۇقانلىرى بىر مەزگىل ھەر قانچە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھىندىستان خەلقىنىڭ ھەققانىي ساداسىنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ. بىز بۇ يەردە بىر مىسال كەلتۈرمەكچىمىز. كوپچىلىك 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى بىر كىتاپخانىنىڭ كالكۇتتادا چىقىدىغان «جۇگانتار» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان خېتىنى ئوقۇپ بېقىڭلار، بۇ ئاددى ھىندىستانلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«... ئەگەر ھىندىستان خەرىتىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو 12 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەرنى ئىشغال قىلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تاجاۋۇزچى بولۇپ قالدى دېيىلىدىكەن، ئۇ چاغدا، ھىندىستان تېخىمۇ چوڭ تاجاۋۇزچى بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى، جۇڭگو خەرىتىسىگە ئاساسلانغاندا، ھىندىستان 38 مىڭ كۋادرات ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان يەرنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئەگەر ئىككىنچى تەرەپنىڭ خەرىتىسىنى كېرەكسىز قەغەز سادىغىغا تاشلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ چېگرىسىنى پۈتۈنلەي بىزنىڭ خەرىتىمىزگە ئاساسلىنىپ سىزىشنى ئۈمىت قىلىدىكەنمىز، ئۇ، ئادالەتلىك بولمايدۇ ... ھىندىستان ـ جۇڭگو چېگرا مەسىلىسى



www.uyghurkitap.com

نىڭ بىر بەختسىز تەرىپى شۇكى، بۇ مەسىلە بۇگۈنكى كۈندە سىياسىي مەخسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ھال بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى كېچىكتۈرۈپلا قالماي، بەلكى بۇ مەسىلىنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇۋېرىشى ئارقىسىدا مەملىكىتىمىز نىڭ ئىچكى سىياسىتىنى ناچار يولغا باشلاپ كېتىشى مۇمكىن. ئىككىنچى نوۋەتلىك چوڭ سايلام (1957 ـ يىلىدىكى چوڭ سايلام كوزدە تۇتۇلۇدۇ) دىن كېيىن سولقانات كۈچلەر كۈچەيدى، ھىندىستاننىڭ بىر شتاتىنى كوممۇنىستلار قولىغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ھوكۇمەتنىڭ ئاستا ـ ئاستا بارغانـ سىرى ئوڭغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى كورۇۋاتىمىز. چېگرا مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىقىشتىن بۇرۇنقى خېلى ئۇزۇن ۋاختلاردا نېھرۇ ئىشسىزلىق مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنغانلىقى ۋە تەرەققىياتنىڭ بىر قەدەر تېز بولغانلىقىنى گۇنا دەپ قاراپ، جۇڭگونى دېموكراتىك ئەمەس، دەپ ئېيىپلىغان ئىدى. ئۇنىڭـ دىن كېيىن ھوكۇمەت ئېۋەتكەن ماراۋىيە ھەيئىتى جۇڭگونىڭ يەر ئىسلاھاتىنى مەدھىلىدى، بۇ ھال تەبىي يوسۇندا، مەملەـ كىتىمىزدىكى فېودالىلارنى تەشۇىشكە سېلىپ قويدى. ئاخىرى، جۇڭگونىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرى ھىندىستان سانائەتچىلىرىـ نىڭ شەرق ـ غەرب بازارلىرىدا ژۇقۇرى پايدا ئېلىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالغان ۋاختتا، كىشىلەر مۇندىن كېيىن مۇناسىۋەتنىڭ بىرەر باھانە بىلەن يامانلىشىشقا قاراپ ماڭىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغاندەك بولغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن چېگرا مەسىلىسى خۇددى خۇدا بەرگەن ياخشى پۇرسەتتەك، ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ مەسىلىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگونىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بۇرمىلاشنىڭ پۇرسىتى تېپىۋېلىنىپلا قالماستىن، مەملىكەت

ئىچىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان تەرەققىيپەرۋەر ھەركەتلەرنى
ئېپىلاشنىڭ ئەپلىك يولىمۇ ئېچىلدى. ناھايىتى قىسقا مەزگىل
ئىچىدە چېگرا مەسىلىسى ئاۋال چېگرىنى سىگىپ كىرىش دېيىلـ
دى، كېيىنچە يەنە، چېگرىنى تاجاۋۇز قىلىش دېيىلدى. ئۇنىڭـ
دىن كېيىنلا بىز بۇ مەسىلىنىڭ ھەممە تەرەپلەرگە ــ كارالا
شتاتىنىڭ مۇددەت ئارىلىغىدىكى سايلىمىغا، غەربىي بىنگالىنىڭ
ئاشلىق ھەركىتىگە، ھوكۇمەت يالانما خادىملىرىنىڭ ئىش
تاشلاشلىرىغا، ئاخىرىدا ئۇچىنچى نۆۋەتلىك چوڭ سايلامغىمۇ
(1962 ـ يىلدىكى چوڭ سايلام كوزدە تۇتۇلىدۇ) تەتبىق قىلىنـ
غانلىقىنى كوردۇق. ئاشلىق ھەركىتى مەزگىلىدە كالكۇتتا
تاملىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە «ھېچقانداق ھەركەتنى قىلماڭلار،
جۇڭگو ئوز قوشۇنلىرىنى چېگرىدا تۇرغۇزۇپ قويدى، ئۇلار
تاجاۋۇز قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ»، دېگەن سوزلەر يېزىلغان لوزۇنـ
كىلارنىڭ چاپلىنىپ كەتكەنلىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تېخىچە
ئېسىدە بولسا كېرەك. مۇنداق ھەدەپ تەشۋىق قىلىنغان جۇڭگو
تاجاۋۇزى بۇگۈنكى كۈندە ئۇچىغا چىققان ئوڭقانات كۈچـ
لەرنىڭ ئۇچىنچى نۆۋەتلىك چوڭ سايلامدىن كېيىن ھىندىستانـ
نىڭ ئوتتۇرا ۋە شىمالىي قىسىملىرىدا باش كوتۇرۇشىنىڭ
ئاساسىي سەۋەپلىرىدىن بىرىدۇر... ئەگەر بىز جۇڭگونىڭ
سىگىپ كىرىشى توغرىسىدا يېگىراق خەۋەرلەرنى ئۇگۇنۇپ
باقىدىغان بولساق، بۇ مەسىلە ئىنتايىن روشەنلىشىدۇ. ھازىر
كوپ ھاللاردا مۇنداق يېڭى قاراۋۇللار كېيىنچە يا ئۇچرۇتۇلـ
مىغان، يا ئۇچرۇتۇلغان تەقدىردىمۇ، كېيىن ئۇلار جۇڭگو
چېگرىسى ئىچىدە «بىر قانچە غۇلاچ» كېلىدىغان يەردە ئىكەنـ
لىكى ئۇچرۇتۇلدى (نېھرۇنىڭ سايلام ئەرپىسىدە ئىنتىپاق پالاـ

تاسىدا بايان قىلغان جۇڭگونىڭ «تاجاۋۇزى» توغرىسىدىكى سوزىدىن). ياكى مۇنداق خەۋەرلەرنىڭ بىرىنچى كۈنى چوڭ خەت بىلەن بېسىپ چىقىرىلغان بولسا، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن بېسىلىپ، بۇ خەۋەر «ھوكۇمەت تەرەپىدىن ئىسپاتلانمىغان» دەپ قويۇلغانلىقىنى كورۇپ تۇردۇق. ئەگەر جۇڭگو تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتكۈچى بولسا، ئۇ، قانداقمۇ نېپال، بىرمىلار بىلەن بولغان چېگرا تالاش - تارتىشنى ھەل قىلالايتتى؟ ھازىر ھەتتا مۇنداق مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەنى قىلىنىدى. ھازىر ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا جۇڭگونى تاجاۋۇزچى دەپ ئاتىماسلىق دولەتكە ئاسىيلىق قىلغانلىق بولۇدۇ، دەپ ئاشكارا ئېيتىلماقتا. ... لېكىن بىز ئاددى ھىندىستان خەلقى بۇنىڭدىن نىمىگە ئىگە بولدۇق؟ ئېھتىمال، بىز شەرقنىڭ «دېموكراتىك تۈزۈمى» نى تەمىن قىلىش يۈيسۈەندىن كوپرەك ئاقىش ياردىمى ئالالىساق كېرەك. لېكىن كېيىنكى قەدەمدە يەنە قانداق بولۇدۇ؟ بىز تارىخقا قانداق جاۋاپ بېرىمىز؟ چاڭجياڭ دەرياسى ۋە ئىفرات دەرياسىدىن نىل دەرياسى ۋە كونگو دەرياسىغىچە يېيىلگەن ئويغانغان ئاسىيا - ئافرىكا ئەللىرى خەلقلىرى بۇگۈنكى كۈندە ھەممىسى تېز، شىددەتلىك بىلەن ئالغا باسماقتا. بىز مۇنداق ۋاختى ئوتكەن زەھەرخەندىلىك بىلەن ۋالاخلاشلارنى يېڭى ھاياتنىڭ ئېقىمىغا تاشلاپ، شۇنىڭ بىلەن تېچلىق ۋە دوستلۇق سېپىگە كىرىپ كېتەلەيمىزمۇ؟»

بۇ ھىندىستانلىق كىتاپخان مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ھىندىستان خەلقىنىڭ بىرىلا. قاراڭلار، ئۇ، نېھرۇنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى قەستەن سۇيى - ئىستىمال قىلىپ، جۇڭگوغا قارشى ھەركەت پەيدا قىلغان سۇيىقەستىنى نەقەدەر تولۇق كورگەن! ئۇنىڭ ھىندىستان

خەلقىدىن ئاسىيا ـ ئافرىكا ئەللىرى خەلقلىرى بىلەن دوست بولۇشنى، ئاسىيا ـ ئافرىكا ئەللىرى خەلقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئالغا بېسىشنى تەلەپ قىلىش ئارزۇسىمۇ نەقەدەر كۈچلۈك ـ ھە!

ناھايىتى ئېنىقكى، ھىندىستان خەلقىنىڭ كۆزى روشەن. نېھرۇنىڭ بارلىق ئالدامچىلىقلىرى كەڭ ھىندىستان خەلقىنى ئالداپ كېتەلمەيدۇ.

لېكىن كىشىنى ھەيران قىلىدىغان ئىشلارمۇ بار، ھىندىستاندا ئۆزىنى ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى دەپ ئاتىۋالغان بەزى كىشىلەر، مەسىلەن، س. ئا. دانگىغا ئوخشاش ئادەملەر نېھرۇنىڭ كەينىگە كىرىپ، جۇڭگوغا ھىندىستان زېمىنىغا «تاجاۋۇز قىلدى»، دەپ تۆھمەت قىلدى، جۇڭگو «ۋاپاسىزلىق قىلدى»، يەنە «ھىندىستان ھۆكۈمىتىنى قوللاش» لازىم ۋەھاكازا دەپ ۋالاخشىدى. مۇنداق «ماركسىزم ـ لېنىنىزمچىلار» ئاددى بىر ھىندىستانلىقنىڭ چۈشەنچىسىدىن نەقەدەر كۆپ ئارقىدا قالغان! ھىندىستان خەلقىنىڭ مەنپەئىتىدىن نەقەدەر ژىراق چەتلەشكەن! ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن نەقەدەر ژىراق چەتلەشكەن! پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىدىن نەقەدەر ژىراق چەتلەشكەن!

جۇڭگو خەلقى ھىندىستانغا ھەرگىز قارشى تۇرمايدۇ. ھىندىستان خەلقىمۇ جۇڭگوغا قارشى تۇرمايدۇ. جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە ئورتاق مەنپەئەتى بىر ـ بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، دوستانە بىللە ئۆتۈش، ئىتتىپاقلىق ـ ھەمكارلىقتىن ئىبارەت. ھىندىستاننىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىسادىي ۋە سىياسىي مەسىلىلىرىنى زادى قانداق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشى پۈتۈنلەي ھىندىستان خەلقىنىڭ ئۆز ئىشى، جۇڭگو زادى ئارىلاشمايدۇ. بۇ ماقالىدا مەسىلىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ھىندىستاننىڭ بەزى ئەھ-

ۋاللىرى ئۈستىدە توختالدۇق، لېكىن بىز ھىندىستان خەلقىنىڭ دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلىرىغا ھەرگىز خوش بولۇش نىيىتىدە ئەمەسمىز. ئەكسىچە، بىز نېھرۇ ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستاندىكى كەڭ خەلقىنىڭ دەردى ـ ئەھۋالىغا قارىماي، جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى كۈچەيتىپ، قوراللىق توقۇنۇشنى كېڭەيتىكەندىلىگى ئارقىسىدا ھىندىستان خەلقىنىڭ يەلكىسىگە ئىلگىركى ئېغىر باجلارنىڭ سىرتىدا يەنە ئېغىر ھەربىي سېلىقلارنىڭ ژۈكلەنگەندىگىگە چوڭقۇر قايغۇ بىلەن نەزەر سالماقتىمىز. ھىندىستاننىڭ ئەسكەرلىرى شەخسىي مەنپەئەتچى ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى تەرىپىدىن تاۋكاغا قويۇلۇپ، چېگرا توقۇنۇشىدا مەنىسىز قۇربان بولماقتا، ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى بولسا، ھەدەپ پۇل تېپىپ بېيىماقتا. جۇڭگو خەلقى ھىندىستاندىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مۇنداق ئېغىرچىلىقلىرىغا ناھايىتى چوڭ ھېسداشلىق بىلدۈردۇ. جۇڭگو خەلقى ھىندىستان خەلقىنىڭ مۇنداق تەقدىردىن قۇتۇلۇشىغا سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرۈدۇ، ھىندىستاننىڭ بالدۇرراق بېيىپ ـ كۈچىيىشى ۋە گۈللىنىشىگە سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرۈدۇ، ھىندىستان خەلقىنىڭ بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە سەمىمىي تىلەكداشلىق بىلدۈرۈدۇ. بىز ئالغا باسقان، دېموكراتىك، كۈچلۈك بىر ھىندىستاننىڭ ئاسىيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنى كۆرۈشنى ئۈمىت قىلىمىز.

بىز قەتئىي ئىشىنىمىزكى، جۇڭگو ـ ھىندىستان ئوتتۇرىسىدا مەيلى تارىختا قېپقالغان ھەر قانداق مۇرەككەپ مەسىلە مەۋجۇت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تېنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، دوستانە كېڭەشسىدىغان بولساقلا، ئۇنى ھەل قىلىش مۇمكىن. جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى جۇڭگو ـ بىرما ۋە جۇڭگو ـ

www.uyghurkitap.com

نىپال چېگرا مەسىلىلىرىگە ئوخشاشلا، تىنچ سوھبەت ئارقىلىق دوستانە ھەل قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگو خەلقىنىڭ بۇ ئىشەنچىسى باشتىن - ئاياق تەۋرەنمەي كەلدى، بىز بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، ھىندىستان خەلقى بىلەن بىللە، ئاسىيا تىنچلىقى ۋە ئاسىيا - ئافرىكا ئىتتىپاقلىقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بارلىق ئەللەر ۋە خەلقلەر بىلەن بىللە، چېگرا توقۇنۇشىنى توختىتىپ، يېڭىۋاشتىن تىنچ سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئىزدەش يولىدا داۋاملىق تىرىشىشنى خالايمىز. نېھرۇ ھۆكۈمىتى ئەگەر ھىندىستاننىڭ مىللىي مەنپەئىتى ۋە خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا بىر ئاز ھۆرمەت قىلىدىغان بولسا، ئەگەر چېگرا توقۇنۇشىنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئۆزىنىڭ ئاغزى - بۇرنىنى يېرىۋېلىشىنى ۋە جاھانگىرلارنى بۇنىڭدىن پايدىنا ئېرىشتۈرۈشنى خالىمايدىغان بولسا، ئۇ، مۇناسىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم ئىدى.

جۇڭگو - ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ دوستلۇقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش بىر مىللىارد 100 مىللىون جۇڭگو - ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپلا قالماستىن، ئاسىيا ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى تىنچلىقپەرۋەر خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغىمۇ ئۇيغۇندۇر. بۇ ئۇلۇغ دوستلۇقنى ھېچقانداق كۈچ بۇزالمايدۇ ۋە تەۋرىتەلمەيدۇ. ھىندىستان ئەكسىيەتچى گۇرۇھىنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشىنى قوزغىشىمۇ جۇڭگو - ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ ھەقىقىي دوستلۇقىنى ھەرگىز بۇزالمايدۇ ۋە تەۋرىتەلمەيدۇ. شۇنداق ئېيتىش مۇمكىنكى، مەيلى ھىندىستاننىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا بولسۇن، جۇڭگوغا قارشى ھەركەت پەيدا قىلىپ، جۇڭگو - ھىندىستان دوستلۇقىنى بۇزۇش خام خىيالىدا بولغان كىشىلەر ھەرگىز ھېچقانداق نەپ ئالالمايدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى قىياپىتىنىلا پاش قىلىپ،

ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ، خالاس.

ھىمالايا ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرى جۇڭگو ـ ھىندىستان خەلقلىرىنىڭ ئۇلۇق دوستلىقىغا گۇۋا بولسۇن! بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇزۇن تارىخىي دوستلۇق بار، بۇ دوستلۇقنى ھازىر بىر قەۋەت تۇمان قاپلىۋالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خۇددى ھىمالايا ۋە قارا قۇرۇم تاغلىرىغا ئوخشاش، ھېلىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا ۋە مەڭگۈ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# نېھرۇ ھوكۇمىتى نىمە ئۈچۈن تا ھازىرغىچە تېچ سوھبەتنى رەت قىلدۇ؟

## «قىزىل بايراق» باش ماقالىسى

(1962 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى 22 ـ سان)

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەقەسى دۇنيا خەلقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت خەلقلىرىنىڭ ۋە نۇرغۇن ئاسىيا ـ ئافرىكا ئەللىرىنىڭ جىددىي دىققەت ـ ئېتىۋارىنى بارغانسىرى قوزغىماقتا. ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان كۈنلەر قانچە ئۇزارسا، كىشىلەر چېگرا توقۇنۇشىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىن ـ بىر يولى تېچ سوھبەت ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەنلىكىنى شۇنچە ئوچۇق كورۇۋالماقتا. 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرۇغا چېگرا توقۇنۇشىنى توختۇتۇش، يېڭىۋاشتىن تېچ سوھبەت باشلاش توغرىسىدا يەنە بىر قېتىم خەت يېزىپ، ھىندىستان ھوكۇمىتىگە ھوكۇمىتىمىزنىڭ دوستانە روھ ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچ ماددىلىق تەكلىۋىنى قوبۇل قىلىشنى مۇراجەت قىلدى. بىراق شۇ كۈنى ھىندىستان زۇڭلىسى نېھرۇ «دولەت مۇداپىە كېڭەشمىسى» دېگەن نىمىنى تەسىس قىلىپ،

جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرىسىدا قۇراللىق توقۇنۇشنى كېڭەيتىشنى ئۇمۇميۈزلۈك پلانلايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ھىندىستاننىڭ خەلق ئىگىلىكىنى مۇمكىن قەدەر تېزلىكتە ئۇرۇش ۋاختىي ئاساسىغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. يەنە شۇ كۈنى، ھىندىستان زۇڭتۇڭىمۇ «دولەت مۇداپىيە ئىشلەپچىقىرىش بۇسى»قۇرۇشنى رەسمىي جاكالىدى. دېمەك، ھىندىستان ھوكۇمىتى ھازىر ئاقىشىدىن كۈندىن ـ كۈنگە كۆپلەپ قۇرال ـ ياراق ئېلىۋاتقانلىقىنىڭ سىرتىدا، مەملىكەت ئىچىدە يەنە قۇرال ـ ياراق ئىشلەپچىقىرىشنى بىلەن كەڭ كولەمدە شۇغۇللانـ ماقچى بولۇۋاتىدۇ. جۇڭگو ـ ھىندىستان ئىككى دولەت ھوكۇمەتلىرىـ نىڭ بىر كۈن ئىچىدىلا قوللانغان باشقا ـ باشقا ئىككى خىل تەدبىرى ئىككى دولەت ھوكۇمەتلىرىنىڭ چېگرا مەسىلىسىدىكى سىياسەتلىرىـ نىڭ تامامەن بىر ـ بىرىنىڭ ئەكسىچە بولغان سىياسەتلەر ئىكەنـ لىكىنى: جۇڭگو ھوكۇمىتىنىڭ سىياسىتى تىنچلىق سىياسەت، ھىندىسـ تان ھوكۇمىتىنىڭ سىياسىتى قۇرال كۈچى ئىشلىتىش سىياسىتى ئىكەنلىكىنى روشەن ئەكس ئەتتۇردى. بۇ ئىككى خىل سىياسەت كۈچلۈك سېلىشتۇرمىنى شەكىللەندۈردى.

ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىدە تۇرغان مەيدانى توغرىسىدا، «رېنمىن رىباۋ» تەھرىر بولۇمىنىڭ «جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى مۇناسىۋىتى بىلەن يەنە نېھرۇ پەلسەپىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا كەڭ تۇردە تەنقىدىي مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلگەن ئىدى. بىز بۇ يەردە ھىندىستان ھوكۇمىتىنىڭ يېقىندا قوللانغان «دولەت مۇداپىيىسى تەدبىرى» دېگەن نىمىسى ۋە ئۇنىڭ غەرپ جاھانگىر دولەتلىرىدىن ئالغان ھەربىي ياردىمى ئۈسـ تىدىلا توختىلىپ ئوتىمىز.

جۇڭگو خەلقى بىلەن ھىندىستان خەلقى ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقىچە

www.uyghurkitap.com

دوستانه ئۇتۇپ كەلـگەن، ئۇلۇق جۇڭگو ـ ھىندىستان مىللەتلىرى ئۇتتۇرىسىدا ئەزەلدىن تۇپ پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى بولغان ئەمەس، ئىككى دولەت پۇتۇنلەي تىنچ ـ دوستانە بىللە ئۇتەلەيدۇ ۋە ئۇتۇشى كىرەك. جۇڭگو ـ ھىندىستان چىگرا مەسـىلىسى تارىختا ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ھىندىستانغا ھوكۇمرانلىق قىلىشى ۋە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىدىن قىپقالـغان مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى ئىككى مەملىكەت بىرلىكتە بەلگىلەپ چىققان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى ئاساسىدا سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش تامامەن مۇمكىن. جۇڭگو ھەرگىز ئۇرۇشنى خالىمايدۇ. جۇڭگو ـ ھىندىستان چىگرىسىدىكى قۇراللىق توقۇنۇشتا، جۇڭگونىڭ ئۆزىنى قوغداش ھەركىتى پۇتۇنلەي مەجبۇرىيەت ئاستىدا بولدى. بۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەندىن كىيىن، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو ھوكۇمىتى يەنە تىنچ سوھبەت ئۆتكۈزۈش مەيدانىدا ئىزچىل قاتتىق تۇرۇپ كەلدى ۋە يىغىشۋاشتىن تىنچ سوھبەت باشلاش توغرىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن تەكلىپلەر قويۇپ كەلدى. خۇددى جۇئېنلەي زۇڭلىنىڭ خىتىدە كورسۇتۇپ ئۆتۇلگىنىدەك، بۇ تەكلىپلەر، ھەر ئىككى تەرەپ ئۇچۇن ئىيتقاندا، بىر تەرەپلىمىلىكنى ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تەڭ بولۇشنى، تىز پۇكۇشنى ئەمەس، بەلكى باراۋەر بولۇشنى، مەجبۇرى تىڭىشنى ئەمەس، بەلكى ئۆزئارا يول قويۇشنى، بىر تەرەپنى بوزەك قىلىشنى ئەمەس، بەلكى بىر ـ بىرىگە ھورمەت قىلىشنى، زورلۇق بىلەن ئۆز بىشىمچىلىق قىلىشنى ئەمەس، بەلكى دوستانە كىڭىشىشنى ئاساس قىلغان تەكلىپلەردۇر. قىسقىسى، بۇ، تامامەن ئىقلىغا مۇۋاپىق. سوھبەتنى قوبۇل قىلىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزلىرىنىڭ چىگرا توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى ساقلاپ قىلىشقا دەخل قىلمايدۇ، بەلكى چىگرا مەسىلىسىنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىشقا زورۇر شەرت

يارتىپ بىرىدۇ ھەم چېگرىدا داۋاملىق توقۇنۇش يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

لېكىن، بىز كورۇۋاتقانىدەك، جۇڭگو ھوكۇمىتى تۈرلۈك يوللار بىلەن تىرىشچانلىق كورسۇتۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ھىندىستان ھوكۇمىتى سوھبەت ئۆتكۈزۈشنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلىپ كەلدى. نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھوكۇمرانلار گۇرۇھى مەۋجۇت بولمىغان«جۇڭگو تاجاۋۇزى» دېگەن نىمىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، كىشىلەر ئالدىدا كۇچىنىڭ بېرىچە ئوزىنى گويا «تاجاۋۇز قىلىنغۇچى» قىياپىتىدە كورسۇتۇپ، بىر تەرەپتىن غەرپ جاھانگىر دولەتلىرىنىڭ ھەربىي ياردەم بېرىشىنى جىددىي رەۋىشتە مۇراجىەت قىلىپ، قۇرال ـ ياراق ئېلىشنى جىددىيلەشتۇردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن مەملىكەت ئىچىدە ھەدەپ ئوت قويرۇغلۇق قىلىپ، «جىددىي ھالەت» ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ باردى، تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرىنىڭ قاتارىنى كېڭەيتتى، ھەربىي يۈيسۇەنىنى ئاشۇردى، ئۇرۇش زايومى تارقاتتى، قۇرال ـ ياراق ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى، ھەمدە قانداقتۇ «ئوزىنىغا سوزۇلغان ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشقا تەييار تۇرۇش كېرەك» دەپ جار سالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاختتا، ھىندىستان تاجاۋۇزچى قوشۇنلىرى يەنە چېگرىدا «جىگۇەنچياڭ»ئورنىغا «توپ ـ زەمبىرەك» ئىشلىتىپ، جۇڭگو چېگرا مۇداپىە قىسىملىرىنى ئوزلۇكسىز توپقا تۇتتى.

نېھرۇ باشچىلىقىدىكى ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەخسىدى زادى نىمە؟ ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىن مەخسىدى ئوزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھىندىستان خەلقىنى ئېزىش، ھىندىستاندىكى ئىلغار كۇچلەرگەزەربە بېرىش ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىگىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش ھەر ـ

كىتىسگە خىزمەت كورسۇتۇش ئۇچۇنىدۇر. ئاخىرقى ھېساپتا بولىسا، ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە چوڭ پومېشچىكلىرى مەنپىئەتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۇچۇندۇر.

ھىندىستاندىكى «بلىتس» ھەپتىلىك ژۇرنىلى (ھىندىستان بويىچە ژۇئا ژۇرناللىرىنىڭ بىرى) نىڭ بۇ ژىل 3-ئاينىڭ 24-كۇنىدىكى باش ماقالىسىدا، ھىندىستاندىكى بەزى چوڭ كارخانىلار ۋە مالىيە كاپىتالى كارخانىلىرىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇشتىن پايدىلىنىپ، «ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ھەربىلەشتۇرۇلۇشىدىن قانىلىق پايدا تېپىش» قا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى پاش قىلىپ قويىغان ئىدى. 11-ئاينىڭ 3-كۇنىگە كەلگەندە، يەنى ھىندىستان ھوكۇمىتى «دولەت مۇداپىيە ئىشلەپچىقىرىش بۇسى» نى قۇرۇشتىن بىر كۇن ئىلگىرى، بۇ ژۇرنالدا بېسىلغان بىر خەۋەردە: «جۇڭگونىڭ تەھدىدىگە تاقابىل تۇرۇش» ئۇچۇن، ھىندىستان مەملىكىتى ھەربىي زاۋودقا ئايلاندۇرۇلماقتا، بارلىق كۇچ ئالدىنقى قاتاردىكى زامانىۋىي قۇراللارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمەكتە، دەپ يېزىلدى. بۇ خەۋەردە يەنە يېقىنقى ژىللاردىن بۇيان ھىندىستان قۇرال-ياراق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۇزلۇكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقانلىقى بايان قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن: «مېنون دولەت مۇداپىيە بۇجاگلىقىنى ئوتكۇزۇۋالغاندا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 60 مىللىون روپى ئىدى، ئۇ بۇ ژىل ئىشلەپچىقىرىشنى 600 مىللىون روپىگە — ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 10 ھەسسىسىگە كۆپەيتتى. ئۇ ھازىر يەنە يېڭى يەتتەكچى پلان تۇزۇپ چىقتى، بۇ پلان 2 مىللىارد روپىلىك مەبلەغنىڭ كوپەيتىلىشىدىن، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتىنىڭ يېقىن ئارىدا 6 مىللىارد روپىگە يەتكۇزۇلۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. دولەت مۇداپىيە زاۋودلىرى كۇنىگە 24 سائەتتىن تورت بەنىگە بولۇپ ئەڭ

ژۇقۇرى سۇرئەت بىلەن ئېشلىمەكتە».
مېنىڭ دولەت مۇداپىيە بۇجاكى بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، ھىندىستاننىڭ قۇرال - ياراق ئىشلەپچىقىرىشىغا شۇنچە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقالماي، يېقىندا ئۇ، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ دولەت مۇداپىيە بۇجاكى ۋە دولەت مۇداپىيە ئىشلەپچىقىرىش بۇجاكلىق ۋەزىپىلىرىدىن قالدۇرۇلدى. پەۋقۇلئاددە ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان «دولەت مۇداپىيە ئىشلەپچىقىرىش بۇسى» قۇرال - ياراق ئىشلەپچىقىرىشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئاشۇرۇلۇش مىقدارىنى 2 مىللىارد رۇپىي بىلەن چەكلەپ قويمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ سان چوقۇم تېخىمۇ چوڭ يېڭى پىلان تەرىپىدىن تېزلىك بىلەن ئاشۇرۇۋېتىلىدۇ. چۈنكى، ھىندىستان لۇكچەن كاپىتالى — بىيۇروكرات لۇكچەن كاپىتالىمۇ، خۇسۇسىي لۇكچەن كاپىتالىمۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈش كەيىپىياتى ئىچىدە ياشاشقا، «ھىندىستان چېگرىسىنىڭ ھەربىلەشتۈرۈلۈشىدىن قانلىق پايدا تېپىش» بىلەن ئۆزىنى سەمرىتىشكە ئىنتايىن مۇھتاج.
يېقىندا نېھرۇ جۇشلىغىدا تەشكىل قىلىنغان، ھىندىستان بويىچە ئەڭ چوڭ خۇسۇسىي لۇكچەن كاپىتالنىڭ باشلىقلىرىدىن تاتا ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «دولەت مۇداپىيە كېڭىشى» ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسىدا داۋاملىق قۇراللىق توقۇنۇش پەيدا قىلىشىغا ۋە ئۆرۈش سەپەرۋەرلىكى ئېلىپ بېرىشىغا ياردەملىشىدىغان ئورگاندۇر. ئەمەلىيەتتىمۇ لۇكچەن مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ئۆرۈش پايدىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىدىغان ئورگاندۇر.
ھىندىستان لۇكچەن مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ ئۆرۈشتىن پايدا

قوغلۇشۇشى ھازىرلا باشلانغان ئەمەس، ئۇلار ئۇتمۇشتىن تارتىپلا ئۇرۇشتىن پايدا قوغلۇشۇشقا تايىنىپ بېيىغان، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، ھىندىستاندا ئەڭ بالدۇر ۋۇجۇتقا كەلگەن، جۇملىدىن خۇسۇسىي لۇگدۇەن كاپىتال بويىچە ئەڭ چوڭ پولات - تومۇرگۇگىسى ھېساپلانغان تاتا پولات - تومۇرگۇگىسى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە جاھانگىرلىك ئۇرۇشى ئۇچۇن خىزمەت قىلىپ، ئۇرۇشتا بېيىش يولى بىلەن رىۋاجلانغان. بۇ گۇگسى شۇ چاغدا ئەنگلىيە باش ۋالىسى سىمۇسفۇجۇيشىنىڭ ئەنگلىيە جاھانگىرلىگىنىڭ ئوتتۇرا، يېقىن شەرق ۋە شەرقىي ئافرىكىدىكى «ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى» ئۇچۇن خىزمەت كورسەتتى، دەپ ماختىشقا ئىگە بولغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى يەنە ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى ھەربىي لازىمەتلىكلەر بىلەن تەمىنلەپ ناھايىتى زور پايدا ئالدى. تاتا پولات - تومۇر گۇگسىنىڭ ساپ پايدىسى 1939 — 1940 - ژىلى 53مىللىون 600 مىڭ رۇپىي بولغان بولسا، ئۇرۇش مەزگىلىدىكى 1944 — 1945 - ژىلى 86مىللىون 100مىڭ رۇپىيغا يەتكەن؛ بۇ گۇگسىنىڭ ئۇمۇمىي كاپىتالى 1934 — 1935 - ژىلدىكى 284 مىللىون 790مىڭ رۇپىيدىن كوپىيىپ 1945 — 1946 - ژىلى 533 مىللىون رۇپىيغا يەتكەن. ھىندىستاندىكى ئەڭ زور سېمېنت لۇگدۇەن تەشكىلاتى — «بىرلەشمە سېمېنت گۇگسىسى» نىڭ ئۇمۇمىي پايدىسى (شۇ چاغدا سېمېنتنىڭ ناھايىتى كوپ قىسمى ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلەتتى) ئۇرۇشتىن ئىلگىركى 1939 — 1940 - ژىلى 9 مىللىون رۇپىي بولغان بولسا، 1942 — 1943 - ژىلى 16 مىللىون رۇپىيغا يەتكەن. ھىندىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىن، بيۇروكرات لۇگدۇەن كاپىتال كونگرېس پارتىيىسى ھوكۇمىتىنىڭ يولىشى ئارقىسىدا تېز رىۋاجلاندى ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا كاپىتالىنىڭ كوپ قىسمى ئېغىر سانائەت ساھەسىگە،

مەسلەن، پولات تاۋلاش، كومۇر قېزىش، ماشىنا ياساش، پاراۋوز ياساش، نېفت ئايرىش، كېمىسازلىق، ئائېروپلان ياساش، ئاتوم قۇۋۋىتى قاتارلىق تارماقلارغا مەركەزلەشتۈرۈلدى، بۇ سانائەت تارماقلىرىنىڭ نۇرغۇنى ھەربىي خاراكتېرغا ئىگە.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھىندىستان لۇكدۇەن كاپىتالى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلاردا قىيىنچىلىققا يولۇققانلىقتىن، ئۇلار ئەمدى كاپىتالنى ھەربىي ئىشلەپچىقىرىشقا يوتكەشكە تېخىمۇ مۇھتاج بولماقتا. ھىندىستان چوڭ دولەت بولسىمۇ، لېكىن ھىندىستان كونگرېس پارتىيىسى ھاكىمىيىتى چوڭ بۇرژۇئازىيە ۋە چوڭ پومېشچىكلار ئىتتىپاقىنىڭ ھاكىمىيىتى بولغانلىقى، لۇكدۇەن كاپىتال ۋە فېودال كۈچلەرگە پايدىلىق سىياسەت ژۇرگۈزۈپ كەلگەنلىكى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە نامرات بولغانلىقى، سېتىۋېلىش كۈچى ئىنتايىن تۆۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇن سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى، مەسىلەن، سېرىق كەندىردىن ئىشلەنگەن بۇيۇملارنىڭ مۇتلەق كوپچىلىگىنى ۋە فابرىكىدا توقۇلغان بىر قىسىم ژىپ گەزلىمىلەرنى ھەم يىنىك تېپتىكى ماشىنا قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئىلاج قالمىدى. ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى بازارنى سىرتقا قاراپ كېڭەيتىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بېرىچە ھەركەت قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھىندىستان كاپىتالىنىڭ خەلقارا بازاردا رىقابەتلىشەلىگىدەك ھېچقانچە كۈچىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھىندىستاننىڭ ئاسىيا، ئافرىكا مەملىكەتلىرىگە قىلىدىغان چوكۇسى كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كەتمەكتە. ھىندىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا بازىرىغا چىقىرىدىغان توقۇلما بۇيۇملىرى ۋە يىنىك تېپتىكى ماشىنىلىرى ياپونىيە كاپىتالىنىڭ رىقابىتى ئارقىسىدا ئازد-

يىپ كەتتى. ئافرىكىدا فرانسىيە ۋە بىلگىيە قاتارلىق مەملىكەتلەرنىڭ رىقابىتى ئارقىسىدا، 1955 ــ 1956 ـ ژىللىرى 1960 ــ 1961 ـ ژىلىغىچە بولغان مەزگىللەردە، ھىندىستاننىڭ پۇتۇن چۇكۇ سودىسىنىڭ ئۇمۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئافرىكىغا قىلىدىغان چۇكۇ سوممىسىنىڭ تۇتقان سالمىغى ئەسلىدىكى 3% تىن 1% كە يەتمەيدىغان دەرىجىگە چۇشۇپ قالدى. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ئاسىيا ـ ئافرىكا رايونلىرىدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە تىرىشقاندىن تاشقىرى، باشقا تووار ئىشلەپچىقىرىشلىرىغا قارىغاندا تېخىمۇ كوپ پايدىغا ئىگە قىلىدىغان ھەربىي ئىشلەپچىقىرىشقا كۇنساناپ ئۇمىت باغلاپ، «ئىشلەپچىقىرىش نىشانىسىنى ئوزگەرتىش»توغرىسىدا مۇھاكىمە ژۇرگۇزمەكتە.

تاتا مالىيە گۇرۇھىنىڭ «جىڭجى شىباۋ» گېزىتى 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۇنى «دولەت مۇداپىئەسى ئېھتىياجى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە بېسىپ، مۇنداق دەپ يازدى: «ھىندىستان ئىقتىسادى دائىم ھەر جەھەتتىكى يېتىشسىزلىكلەرگە ئۇچراپ كەلگەنلىكى ئۇچۇن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى تۇرغۇن ھالغا چۇشۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە كېيىنكى يېرىم ژىلدىكى جىڭكۇنىڭ يەنە 3 ــ 4 يۇز مىللىون رۇپى ئاشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغانلىقى ئۇچۇن، ئىشلەپچىقىرىش يەنە تووەنلەپ كەتكۇسى». بۇ باش ماقالە مۇنداق دەپ ھېساپلايدۇ: ھىندىستان «ئىچكى جەھەتتىكى دولەت مۇداپىئە ئىشلەپچىقىرىشىنى ئوستۇرۇدىغان ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەتنى دەرھال تۇزۇپ چىقىشى كېرەك»، بۇ سىياسەتكە ئاساسەن، بيۇروكرات لۇڭدۇەن كاپىتال «ئائېروپىلان، مىلتىق، توپ، ئوق ـ دورا ۋە باشقا دولەت مۇداپىئە ئۇسكۇنىلىرى» ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشى لازىم، خۇسۇسىي لۇڭدۇەن كاپىتالنىڭ «بىرمۇنچە ئورۇنلىرى زامانىۋىي دولەت مۇداپىئە

ماشىنىلىرى ئىشلەپچىقىرىشقا كىيتىدىغان بەزى شىيائىمۇلارغا ئۆزگەر-تىلسە بولىدۇ». ھىندىستاندىكى بەزى پىكىلۇنجىيالار ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي چىقىمنى ئاشۇرۇش يولى بىلەن بازار مەسىلە-سىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقى توغرىسىدىمۇ بۇرۇنىلا بەزىبىر كوز قاراشلاردا بولغان ئىدى. بۇ پىكىلۇنجىيالار شۇنداق قاراشتا بولدىكى، نورمال ئەھۋال ئاستىدا دولەت مۇداپىيە يۈيسۇەنىنى ئاشۇرۇش، ھەربىي سانائەت قۇرۇش قاتارلىقلار خەلقنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراي-دىغانلىقى ئۈچۈن، ھىندىستان چوڭ بۇرژۇئازىيىسى جۇڭگو بىلەن بولغان چېگرا تالاش-تارتىشىنى ۋە باشقا خوشنا دولەتلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك تالاش-تارتىشلىرىنى مۇمكىن قەدەر ئۈزۈنغىچە ساقلاپ قىلىشقا، ھەتتا «مىللەت خەۋپ ئاستىدا قالدى»، «چەتئەل تا-جاۋۇزچىلىقىنىڭ خەۋپى» دېگەنگە ئوخشاش ئالدامچىلىق شۇئارلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يولى بىلەن خەلقنىڭ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، ھەربىي چىقىمنى ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا.

شۇنى ئېنىق كورۇۋېلىشقا بولىدىكى، ھىندىستان لۈكىدۇەن مالىيە گۇرۇھىنىڭ ئۆز پايدىسى ئۈستىدە قايغۇرۇشى، ئۇلارنىڭ «ئىشلەپ-چىقىرىش نىشانىنى ئۆزگەرتىش» ۋە قورال-ياراق ئىشلەپچىقى-رىشىنى كېڭەيتىشكە بولغان تەشنالىقى — ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرا مەسىلىسىدە توقۇنۇش پەيدا قىلىشىدىكى ۋە سوھبەتنى رەت قىلىشىدىكى تۇپ سەۋەبلەرنىڭ بىرىدۇر.

ھىندىستاننىڭ ئىختىسادىي ئەھۋالى ناچارلاشقانسىرى، ئىختىسا-دىي بوھرانى كەسكىنلەشكەنسىرى، ھىندىستان لۈكىدۇەن كاپىتال گۇرۇھىنىڭ چېگرا توقۇنۇشى پەيدا قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈش ھەر-كىتىمۇ بارغانسىرى غالجىرلىشىدۇ. مانا بۇ، نىمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ غەرەزلىك پەيدا قىلغان چېگرا قوراللىق توقۇنۇشى يۈز بەرگەن ھامان

بۇ جەھەتتىكى ئىنكاسلىرىنىڭ شۇنچە تېز ۋە كۆلچۈك بولغانلىغى-
نىڭ، «دۆلەت مۇداپىئە فوندى ھەيئىتى»، «دۆلەت مۇداپىئە ئىش-
لەپچىقىرىش بۇسى»، «دۆلەت مۇداپىئە كېڭەشى» دېگەنگە ئوخشاش
تەشكىلاتلار ھەش-پەش دېگۈچە ئارقىمۇ-ئارقا مەيدانغا كەلگەن-
لىگىنىنىڭ، قۇرال-ياراق ئىشلەپچىقىرىش ئۇمۇمىي قىممىتىنىڭ
ئۈچقاندەك ئاشۇرۇلۇۋاتقانلىغىنىڭ، چوڭ كۆلەمدىكى خوجايىنلىرىنىڭ
«ئۇرۇش ۋاختى ئاساسى»نى كۈچەيتىش، «دۆلەت مۇداپىئە ئېھتىياجى»غا
ماسلىشىش دېگەنگە ئوخشاش ئۇرۇشپەرەستلىك چۇقانلىرىنىڭ ئەدەپ
كېتىشىنىڭ سەۋەبى دەل. ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ پولات-تۆمۈر ۋە
ئېغىر سانائەت بۆلۈمى تەرىپىدىن 10-ئاينىڭ 25-كۈنى چاقىرىلغان
«پولات-تۆمۈر مەسلىھەتچىلەر ھەيئىتى» يىغىنىغا قاتناشقان تاتا
پولات-تۆمۈر كۆپسىنىڭ ۋەكىلى يىغىنىدا «جىددىي خەۋپ مەز-
گىلىدە پولاتقا بولغان ئېھتىياجنى بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا پۈتۈن كۈچ
بىلەن قاندۇرۇشقا ۋەدە بەردى»، باشقا كارخانا ۋە ئورۇنلارمۇ
قۇرال-ياراق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشقا ئارقا-ئارقىدىن «ۋەدى-
لەر» بەردى.

ھىندىستان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ جۇڭگو-ھىندىستان چېگرى-
سىدىكى جىددىي ۋەزىيەتنى قەستەن ئۆزۈنىغا سوزۇشى ئارقىسىدا،
ھىندىستان «دۆلەت مۇداپىئە ئىشلەپچىقىرىش بۇسى»غا تەۋە بولغان
قۇرال-ياراق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ «يېڭى يېتەكچى پىلانلىرى» جەز-
مەن ئارقىمۇ-ئارقا مەيدانغا كېلىدۇ، ئاشكارا تىلىنىدىغان ھەربىي
بۇيرۇتمىلارمۇ تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆپىيىدۇ. نېھرۇ 11-ئاينىڭ
11-كۈنى ھىندىستان ھەربىي ئۇسكۇنىلەر ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۆتكەن
ئۈچ ھەپتە ئىچىدە ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشقانلىغىنى ئېلان
قىلدى. شۇ كۈنى مىلىيەنشىدىن تارقىتىلغان بىر خەۋەردە ھىندىستان

ئەمەلدارلىرى يېڭى دېھلىدە تۇرۇشلۇق بىر ئاقش ھەربىي ئالاقە باغلاش ۋەكىللەر ئۆمىگى بىلەن يەنە بىر تۈركۈم ئاقش قۇراللىرى بۇيرۇتمىسى ئۈستىدە مۇزاكىرىلىشىۋاتقانلىقى ئېيتىلدى. ھىندىستان «دۆلەت مۇداپىئە ئىشلەپچىقىرىش بۇسى»دىكى پۇت-قولى يەرگە تەگمەي شاپاشلاپ ژۈرگەن ئەمەلدارلار ۋە «دۆلەت مۇداپىئە كېڭىشى» دېگەن نىمىنىڭ قارا نىيەتلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەزالىرى (جۇملىدىن بىر قانچە جياڭجۇنلەر) قۇرال-ياراق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قۇرال-ياراق تىجارىتى پايدىسىنى دەپ، ھىند مىللىتىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئاللىقاچان ئالتە تاغنىڭ نېرىسىغا چۆرىۋەتتى. بۇلارنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا «جۇڭگو تاجاۋۇزى» دەپ ۋاي-ۋاي سېلىشلىرى ھەيۋەتلىك بولۇپ كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللىقاچان «قانلىق پايدا» تېپىش نەپسانىيەتچىلىكىگە غەرق بولۇپ كەتكەن. ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىنىڭ «جۇڭگو تاجاۋۇزى» دېگەن نىمىسىنىڭ يوق يەردىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگىنىگە ئوخشاشلا، ئۆزلىرىنىڭ نىمىگە قىزىقىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىدۇ.

ھىندىستان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ «دۆلەت مۇداپىئە كېڭىشى» دېگەن نىمىسىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى «ئۆزلىرى ئاممىنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە قاتناشتۇرۇشتا زۆرۈر دەپ تونۇغان تەدبىرلەرنى قوللىنىش توغرىسىدا «مەركىزىي گۇڭمىنلار ھەيئىتىگە تەكلىپ بېرىش»تىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى «ئاممىنى دۆلەت مۇداپىئەسىگە قاتناشتۇرۇش» دېگەن سۆزنى ئېچىپ ئېيتقاندا، مۇشۇ زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلغان چوڭ ھەربىي چىقىمنى بىر ئامال قىلىپ ھىندىستان خەلقى ئۈستىگە ئارتىش دېگەنلىكتۇر. بۇ جەھەتتە، ھىندىستان ھۆكۈمرانلار گۇرۇھى، ئەڭ ئاساسىي تەدبىر بولغان ئىككى خىل تەدبىرنى، يەنى زايوم تارقىتىش ۋە باج-سېلىقنى ئاشۇرۇش تەدبىرىنى قوللاندى.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى نېھرۇ رادىئو نۇتقى سۆزلىدى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى خەلقتىن «بەلنى چىڭ باغلاپ»، «ئىشلەپچىقىرىشنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ كېتىۋاتقان دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتىگە جاۋاپ بېرىشكە زايوم سېتىۋېلىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش»نى تەلەپ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. 11 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى نېھرۇ باشچىلىقىدا ۋە بىلا ھەم تاتادىن ئىبارەت ئىككى چوڭ لۇڭدۇەن كاپىتالىستىنى قاتناشتۇرغان ھالدا «دۆلەت مۇداپىئە فوندى ھەيئىتى»نى تەشكىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى «دۆلەت مۇداپىئە زايومى، دۆلەت مۇداپىئە ئامانەت پۇل چېكى، تارقاق پۇل ئامانەت چېكى ۋە مۇكاپاتلىق قەرز چېكى» تارقىتىشنى جاكارلىدى. «ھىندىستان كۆەيباۋ» گېزىتىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ھىندىستان مالىيە بۇجاڭى دېساي 11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «دۆلەت تەرەققىياتى ھەيئىتى»نىڭ يىغىنىدا، ھازىرقى جىددىي مەزگىلگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن، ھازىر كۆلىمى جەھەتتە «ئۈچىنچى بەش يىللىق پىلان»دىكىدىنمۇ چوڭ بولغان باج سېلىقنى يولغا قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى ئوچۇق پاش قىلىپ قويدى.

ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «جىنرۇڭ شىباۋ» گېزىتى يېقىندا يازغان بىر ماقالىسىدا، ھىندىستان ھازىر دۇنيا بويىچە باج ئەڭ ئېغىر مەملىكەت بولۇشى مۇمكىن، دەپ يازدى. ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئەزەلدىنلا «دۆلەت پىلانى» مەبلىغىنى سىرتنىڭ ياردىمىگە يۆلەنگەندىن تاشقىرى، ئاساسەن باج، زايوم ۋە قىزىل رەقەملىك مالىيە قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى يۇنۇۋېلىش يولى بىلەن تولدۇرۇپ كەلدى. خەلقنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىرچىلىق خۇددى قار پومزىكىنىڭ ۋۇمۇلانغانسىرى يوغىناپ بارغىنىغا ئوخشاش، بارغانـ

سىرى ئېغىرلاشماقتا. ھىندىستاننىڭ «ئۈچىنچى بەشژىللىق پىلان پروگراممىسى»دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە بۇ مەزگىل ئىچىدە باج كىرىمى «ئىككىنچى بەشژىللىق پىلان» مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 65% ئاشۇرۇلۇدۇ (ئەمىلىيەتتە بۇنىڭدىنمۇ كوپ ئېشىپ كېتىدۇ)، «ئۈچىنچى بەشژىللىق پىلان»دىكى مەبلەغنىڭ تەخمىنەن $\frac{2}{5}$ قىسمى باجنى ئاشۇ- رۇش ۋە ئىچكى قەرزدىن كېلىدۇ. يەنە كېلىپ، ئاشۇرۇلۇدىغان باج، ئاساسەن، كەڭ خەلق ئۈستىگە چۈشكەن تووار بېجى ۋە تۇر- مۇشقا خىزمەت قىلىش ئىشلىرى باجلىرىدىن ئىبارەت. بۇ، ھىندىستان خەلقىنىڭ نارازىلىق كەيپىياتىنى كۈندىن-كۈنگە ئاشۇرماقتا. ھەتتا «جىنرۇڭ شىباۋ» گېزىتىنىڭ ماقالىسىدىمۇ، ئەگەر باج يەنە ئاشۇ- رۇلۇدىغان بولسا نامرات ئاھالىلار ھەددىدىن ئارتۇق قىستىلىشى تەبىي، دەپ قارالدى. مۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، لۇگدۇەن مالىيە گۇرۇھلىرى ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلغۇچى ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار گۇرۇھى باجنى داۋاملىق ئاشۇرۇش، ئىچكى قەرزنى يولغا قويۇش يولى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بايلىقىنى كوپەيتمەكچى بولۇدىكەن، بىر خىل پەۋقۇلئاددە كەيپىياتىنى، يەنى ئۇرۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلماي ھەم ھەربىي چىقىمىنى كوپەيتمەي تۇرۇپ، ئۇنى قانداقمۇ ئىشقا ئاشۇرالىسۇن؟

ھىندىستان لۇگدۇەن مالىيە گۇرۇھلىرى ئۆزلىرى پەيدا قىلغان بەزىبىر ھەربىي توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش كەيپىياتىنىڭ داۋام قىلىشى ۋە كېڭىيىشىدىن تېخىمۇ چوڭ پايدا ۋە بايلىققا ئىگە بولماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ پايدا ۋە بايلىق قوغلۇشۇش نەپسىنىڭ چېكى يوق، شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق توقۇنۇش ۋە ئۇرۇش كەيپىياتىنى پەيدا قىلىش ھەۋىسىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيدۇ. لېكىن ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ سوتسىيالىستىك جۇڭخۇا خەلق

جۇمھۇرىيىتىگە قۇرال كۈچى ئىشلىتىش سىياسىتى بىلەن قارشى تۇرۇشى ۋە بۇنداق ۋەزىيەتنى ئۆزۈنىغىچە داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئۆز كۈچىگىلا تايىنىشى بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقى تۇرغان گەپ، ئۇلار جاھانگىرلارغا، بولۇپمۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ قاتتىق بېقىنىدۇ. ئامېرىكا جاھانگىرلىكىمۇ ھىندىستانغا بولغان تىزگىنلىشىنى مۇقەررەر ھالدا تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

ھىندىستان مۇستەقىللىق ئېلان قىلغاندىن كېيىنمۇ، ئامېرىكا، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى ھىندىستاندا ئاۋالقىدەكلا ناھايىتى زور ئىقتىسادىي كۈچىنى ساقلاپ، بىر مۇنچە مۇھىم ئىقتىسادىي تارماقلارنى چاڭگىلىدا تۇتۇپ كەلمەكتە. يېقىنقى ئىللاردىن بۇيان، ئاق ئىشنىڭ ھىندىستانغا سالغان مەبلىغى ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئاشماقتا، ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئاق ئىشغا يولۇنۇشمۇ بارغانسىرى كۈچەيمەكتە. ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ھىندىستانغا بولغان تىزگىنلىشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، نېھرۇ ھوكۇمىتىنىڭ جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغاندىن تاشقىرى، ئاق ئىش ئۇيۇشتۇرغان ئاتالمىش «ھىندىستانغا ياردەم بېرىش كلۇبى» ھازىر ھىندىستان ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار گۇرۇھىغا بولغان ھەربىي ياردەمنى پائال تۇردە ئاشۇرماقتا. ئاق ئىش ئاخبارات باشقارمىسىنىڭ خەۋەر بېرىشىگە قارىغاندا، مۇشۇ ئاينىڭ 14- كۈنى ئاق ئىش گوۋۋېيۇەنىنىڭ ئاخبارات ئېلان قىلغۇچى ئەمەلدارى خۇەيت ھىندىستاننىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشىغا ئاق ئىشنىڭ ھەربىي ياردەم بېرىشى توغرىسىدا ئاق ئىش بىلەن ھىندىستان ئۆز ئارا جاۋ- خۇي ئالماشتۇرۇپ، رەسمىي كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقىنى جاكالىغان. ئۆتمۈشتە نېھرۇ ھوكۇمىتى ئاق ئىشنىڭ «ئىقتىسادىي ياردىمى»نى

باشلاپ كىرگەن چىغىدا، چەتئەل كاپىتالى ھىندىستاننىڭ مىللىي ئىگىلىكىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ، دەپ خەلقنى ئالدىغان ئىدى. ئەمدى فاكت ناھايىتى ئايدىڭلاشتى، ئاقش لۇكدۇەن كاپىتالى «ياردەم» شەكلى بىلەن ھىندىستانغا كوپلەپ تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ئازساندىكى لۇكدۇەن مالىيە گورۇھىنىڭ ئاقش كاپىتالىنىڭ يولىشى ئارقىسىدا پايدىغا ئىگە بولغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا، ھىندىستاننىڭ پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇستەملىكىلىشىشى كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا. ھازىر ھىندىستان ھوكۇمرانلار گورۇھى ئاقش نىڭ ھەربىي ياردىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرلىگەن ھالدا باشلاپ كىرىشتە، ئېنىمۇ ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى سوزلەر ۋە مەلۇم ساختا قىياپەتلەر بىلەن ھىندىستان خەلقىنىڭ كوزىنى بوياشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. لېكىن بۇ ئىشنى كىشىلەر ئېنىمۇ چاپسان ئېنىق كورۇۋالالايدۇ، ھىندىستان ھوكۇمرانلار گورۇھى ئازساندىكى لۇكدۇەن مالىيە گورۇھلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى كوزلەپ، ھىندىستاننى ئاقش نىڭ تانكىسىغا چاتتى. بۇ لۇكدۇەن مالىيە گورۇھلىرى قورال-ياراق سېتىۋېلىش يولى بىلەن خەلقنىڭ مال-مۇلكىنى كوپلەپ يونۇۋالماقتا ھەمدە قورال-ياراق سودىسىدىن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە پايدىغا ئىگە بولماقتا. ھىندىستاننىڭ «سىياسەتچىلەر» ناملىق گېزىتى 11-ئاينىڭ 5-كۈنى مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: 11-ئاينىڭ 4-كۈنى ئوتكۈزۈلگەن ھىندىستان «دولەت تەرەققىياتى ھەيئىتى»نىڭ ژىغىنىغا قاتناشقان ھىندىستان شتاتلار ھوكۇمەتلىرىنىڭ كوپچىلىك باش بۇجاڭلىرى «ھازىرقى مۇتلەق ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خەلقنىڭ ئىختىدارىنى، بولۇپمۇ پارچە-پۇرات ئامانەتلەرنى دولەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىش» نى تەلەپ قىلدى. بۇ گېزىت ۋە «ھىندىستان شىباۋ» گېزىتى 11-ئاينىڭ 6-كۈندىكى باش ماقالىلىرىدا

مۇنداق دەپ قارىدى: ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتۇن زايومى تارقىتىش، ئالتۇنغا قورال - ياراق سېتىۋېلىش قارارى — «يۈرەكلىك، تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىگە باي» قاراردۇر، ئۆتمۈشتە ئالتۇننىڭ ھۆكۈمەت باھاسى بىلەن بازار باھاسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور (بازار باھاسى ھۆكۈمەت باھاسىدىن بىر ھەسسە دېگىدەك يۇقۇرى) بولغانلىقتىن، ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ئالتۇن سېتىۋېلىش پىلانى ئەمەلگە ئاشماي كەلگەن ئىدى، مەملىكەتنىڭ ھازىرقى «جىددىي ھالىتى» ھىندىستاننىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئالتۇن زاپىسىنى سەپەرۋەر قىلىش تەدبىرىنىڭ ئەمەلگە قويۇلۇشىنى «شىيۇگجۇيى ئۇسۇلى بىلەن» تېزلىتەلەيدۇ.

نېھرۇ ھۆكۈمىتى تېچ سوھبەتنى تا ھازىرغىچە رەت قىلىپ كەلمەكتە ھەم جۇڭگو - ھىندىستان چېگرىسى ۋەزىيىتىنى داۋاملىق يامانلاشتۇرماقتا، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى زادى كىمگە پايدا يەتكۈزىدۇ، زادى كىمنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؟ ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئۇلۇغ ھىندىستان خەلقى ۋە ھىند مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، ھىندىستاننىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۆزىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ، پەقەت ھىندىستاندىكى ناھايىتى ئازسانلىق لۇڭدۇەن گۇاتۇلارنى ۋە ئامېرىكا جاھانگىرلىكى ھەم باشقا جاھانگىرلارنىلا پايدىغا ئىگە قىلىدۇ، خالاس. جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى ئۇلۇغ جۇڭگو خەلقىنىڭ ھېچنىمىسىگىمۇ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چېگرا مەسىلىسىنى تېچ يول بىلەن ھەل قىلىش سىياسىتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشىنىمۇ قىلچە تەۋرىتەلمەيدۇ.

ھەر قايسى ئەللەر خەلقلىرى ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بۇ ئۇلۇغ دەۋردە، يامان نىيەتتە بولۇۋاتقان ۋە ئۆزىگە تەمەننا قويۇۋاتقان

كىشىلەرنىڭ تۇرلۇك ئەكسىيەتچى قەست ۋە ھەركەتلىرى ھامان تېزلىكتە ئۆزلىرىنىڭ ئەكس تەرىپىگە قاراپ ماڭىدۇ. ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ خەلق ئىگىلىگىنى ھەربىلەشتۇرۇش چارىسى ئارقىلىق ئىختىسادىي بوھراندىن قۇتۇلۇش ۋە ھىندىستاننى چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى، ئەمىلىيەتتە، بۇ يول ئارقىلىق ھىندىستاننىڭ خەلق ئىگىلىگىنى بالايى-ئاپەت گورىگە تىقىدۇ ۋە ھىندىستان دولىتىنى جاھانگىرلىككە يەنىمۇ بېقىنغۇچى ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويىدۇ، خالاس؛ ئۇلارنىڭ «دولەت مۇداپىيسى» دېگىنى ئەمىلىيەتتە، جاھانگىرلىككە نىسبەتەن دولەت مۇداپىيسنى بىكار قىلىش دېمەكتۇر. ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «جۇڭگو تاجاۋۇزى» دېگەن ئەپسانىلار ئارقىلىق ھىندىستان خەلقىنى ئالداپ، لۇڭدۇەن مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ «قانلىق پايدىسى» غا خىزمەت قىلىشقا ئۇرۇنماقتا. ئۇلار ئويلىمىغانكى، بۇ ھال ئۆزلىرىنى خەلقنى ئالدايدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئازغىنا دەسمايىسىدىن تېخىمۇ تېز مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ. ئالدامچىلىققا تايىنىش بەربىر ئۇزۇنغا بارالمايدۇ. ھىندىستان ھوكۇمرانلار گۇرۇھىنىڭ چېگرا مەسىلىسىنىڭ تېچ يول بىلەن ھەل قىلىنىشىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش قەستى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىكتۇر. ھىند مىللىتىنىڭ ئىستىقبالى ھەرگىز ھىندىستاندىكى ئازسانلىق لۇڭدۇەن مالىيە گۇرۇھلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتچىلىك ئىرادىسىغا باغلىق ئەمەس، ئامېرىكا جاھانگىرلىگى ۋە باشقا جاھانگىرلارنىڭ ئىرادىسىغىمۇ باغلىق ئەمەس. ھىند مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى ئاقىۋەت ھىندىستان خەلقىنىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ. چېگرا مەسىلىسىنى تېچ سوھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىش جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئورتاق ئارزۇسىدۇر. شۇڭا،

شۇنڭغا ئىشىنىش مۇمكىنكى، تېچلىقتا بىللە تۇرۇش بەش پرىنسىپى
ھىندىستان ئەكسىيەتچى ھوكۇمرانلار گورۇھىنىڭ قورال كۇچى ئىش-
لىتىش سىياسىتى ئۇستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، ئىككى مەملىكەت-
نىڭ چېگرا مەسىلىسى ئاقىۋەت تېنچ سوھبەت ئارقىلىق ھەل بولۇدۇ،
بىر مىللىارد 100 مىلىيون جۇڭگو-ھىندىستان ئىككى مەملىكەت
خەلقلىرىنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتى چوقۇم داۋاملىق رىۋاجلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا مەسىلىسى

(تولۇقلانغان نۇسخە)

*

تەرجىمە ۋە نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

باسقۇچى: مىللەتلەر مەتبەئەسى

تارقاتقۇچى: شىنخۇا كىتاپخانىسى

*

1963 ـ ژىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى

1963 ـ ژىل 2 ـ ئايدا بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 0.34 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

书号：3101(4)686
中印边界問題
增訂本
(維吾尔文)
*
人民出版社編輯
民族出版社翻譯出版(北京安定門外和平东路)
北京市书刊出版业營业許可証出字第047号
民族印刷厂印刷　新华书店发行
*
850×1168毫米　1/32　插頁5　印张：4 3/4
1963年2月北京第一版
1963年2月北京第一次印刷
統一书号：M3049(4)180　定价：0.34元